

11
2014

شىنجاڭ ئاخبارات-نەشرىياتچىلىقنىڭ شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى
新疆新闻出版“东风工程”

# يېزا پەن-تېخنىكىسى

农村科技

كىتاب شەيداسى —— ئابلەت ھاشىم

ھىلمە تۇرسۇن فوتوسى

ISSN 1004-1095
11>
9 771004 109006



ئوبۇلقاسىم مەتنىياز فوتوسى

2014 ـ يىل 11 ـ سان
(ئومۇمىي 355 ـ سان)

# يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى

全国优秀科技期刊,省级月刊

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى.

## بۇ ساندا

### تېرىش پەرۋىش

كۆزگى بۇغداي مايسىلىرىنى دەرىجىگە ئايرىپ ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى.......مەمتىمىن غۇلام (1)

### ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى

پارنىك، لاپاستا ئىسسىتقۇچى دورا ئىشلەتكەندە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار ...... ئايگۈل ياسىن (4)
پارنىكتا گىلاس ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار............خەيرىنىسا ئىبراش قاتارلىقلار (6)
كۈن نۇرلۇق پارنىك ياساشتىكى مۇھىم نۇقتىلار...............گۆھەرنىسا تۇرسۇننىياز (8)
يالتىراق يوپۇق يېپىپ قىزىلچا ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار .....شېرىنئاي ئابدۇللا (11)

### ئوغۇت تۇپراق

تەكرار تېرىلىدىغان كېۋەز يېرىنى ئوغۇتلاشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار ...ھەلىمە تۇرسۇن (13)
كېۋەزگە كالىيلىق ئوغۇت ئىشلىتىشنىڭ ئەھمىيىتى ...........كامىلجان زۇنۇن قاتارلىقلار (14)
تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ يۇقىرى يېنىكلىتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك ..........ئابلىمىت توختى (16)

### باغۋەنچىلىك

مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شېخىنى كېرىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار.......ئوسمان ئابلا قاتارلىقلار (17)
چىلان دەرىخىنى قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار......مەلىكەم مۇھەممەت (19)
قوۋزاق قىرىش ئارقىلىق قېرى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۇسۇلى
.................................رەھمىتۇللا ئابدۇۋەلى قاتارلىقلار (22)

### ئۆسۈملۈك ئاسراش

دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار.......بېكمىرات قىدىرخان (23)
ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار.....بۇزەينەپ ئېلى (26)

### ئورمانچىلىق

يۇلغۇندىن قەلەمچە تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش ئۇسۇلى ..............ئايىنىسا ئابلىز (27)
ئورماننىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشتىكى رولى ...........گۈلخان مۇھەممەتروزى (29)

14 11 4

## سۇچىلىق

تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھمىيىتى ...............................نۇردۇن ئوسمان (31)
بىخەتەر ئىچىملىك سۇ بىلەن تەمىنلەشتە ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلى
............................................................ تۇرسۇنگۈل ئەبەيدۇللا (32)

## چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق

قىشتا گۆش توخۇسىنى بېقىپ باشقۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتىلار.....................ياسىن تۇرسۇن (35)
قىشتا بوغاز ساغلىقلاردا كۆرۈلىدىغان سۆڭەك يۇمشاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش .....ياسىن ھەبىبۇل(38)
چارۋىلارنى قىش، ئەتىيازدىن ئۆتكۈزۈشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار.........مۇھەممەترەھىم ئابلىمىت (39)

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلات بەلگىسىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى ....مەمەتتوختى مەمەتتۇرسۇن (41)
قىشتا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار.........ئابلىكىم ئەيسا (44)

## سالامەت بولۇڭ

جىغانىنىڭ شىپالىق رولى .......................................شېرىنگۈل پازىل (47)
ئۆسمۈر باللارنىڭ يېيىشكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان گۆشلەر.......................رائىلە ئابدۇللا (48)

## بىلىۋېلىڭ

ئانارنى ساقلاش ئۇسۇلى ........................................ئابىتجان روزى مۇھەممەد (49)
ئىستېمال قىلىشتا دىققەت قىلىدىغان يېمەكلىكلەر.....................ھەنىپە مەمەت قاتارلىقلار (51)

## تۆھپىكارلار

مەرىپەت شەيداسى ..........................................ئوبۇلقاسىم مەتنىياز يۇرۇڭقاش (53)

## قانۇن ئۆگىنەيلى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى .................(58)

## يېزا ئەدەبىيات ـ سەنئىتى

ئانا سەھراھىم..................................................ياسىنجان ئوسمان (59)

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت
مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا

农村科技
Rural Science & Technology
2014年第11期
总355期

新疆维吾尔自治区党委农办、自治区扶贫办、自治区科协、新疆维吾尔自治区农业科学院和新疆农业大学联合主办、面向新疆农牧区、国内外公开发行的综合性省级科普月刊。

## 栽培管理

冬小麦不同生育期栽培管理方法 …… 买买提明·吾拉木(1)

## 设施农业

温室使用薰蒸药剂注意事项 …… 阿依古丽·亚森(4)
温室樱桃栽培管理要点 …… 海热尼萨·依布拉希等(6)
建造日光温室注意事项 …… 果海日尼萨·图尔荪尼亚孜(8)
覆膜甜菜栽培要点 …… 希尔娜依·阿不都拉(11)

## 土壤肥料

重播棉田施肥注意事项 …… 艾力曼·吐尔逊(13)
棉花施用钾肥要点 …… 卡米力江·祖弄等(14)
改善农田土壤耕作质量的必要性 …… 阿布力米提·托乎提(16)

## 园艺特产

果树拉枝注意事项 …… 吾斯曼·阿布拉等(17)
红枣树安全越冬要点 …… 买力克·马木提(19)
刮皮提高老果树活力方法 …… 热合木吐拉·阿布都外力等(22)

## 植物保护

农药混用注意事项 …… 别克木拉提·凯迪汗(23)
使用石硫合剂注意事项 …… 布威再乃普·艾力(26)

## 林业技术

红柳扦插造林技术 …… 阿依尼沙·阿布里孜(27)
森林对环境保护的作用 …… 古丽汗·买买提肉孜(29)

## 农田水利

节水灌溉工程的意义 …… 努尔敦·奥斯慢(31)
农村安全饮水存在的问题及解决措施 …… 吐尔逊古丽·艾拜都拉(32)

## 畜牧兽医

冬季肉鸡饲养管理要点 ……………………………… 亚生·吐松(35)
冬季妊娠绵羊软骨病防治方法 ……………………… 亚森·艾比布拉(38)
家畜安全越冬注意事项 ………………… 买买提热依木·阿布力米提(39)

## 农业机械

农机产品标记的意义及鉴别方法 ……………… 买买提托乎提·买吐送(41)
冬季使用农机注意事项 ……………………………… 阿卜力克木·艾萨(44)

## 卫生保健

沙棘的保健作用 ………………………………………… 雪丽古力·帕孜(47)
儿童不宜吃的肉制食品 ……………………………… 热依拉·阿不都拉(48)

## 百科知识

石榴贮存方法 ………………………………………… 阿比提江·肉孜买买提(49)
应谨慎食用的食物 …………………………………… 艾尼帕·买买提等(51)

## 时代先锋

启蒙导师 ……………………………………… 吾布力卡斯木·买提尼牙孜(53)

## 法律常识

中华人民共和国未成年人保护法 ………………………………………………(58)

## 农村文艺

农村之诗 ……………………………………………… 亚森江·吾斯曼(59)



主管主办：新疆维吾尔自治区农业科学院
编辑出版：《农村科技》杂志社维文编辑部
主　　编：艾力曼·吐尔逊　　电话（传真）0991-4505075
责任编辑：艾尼瓦尔·买买提　　编辑：阿布来提·艾比布拉
地　　址：乌鲁木齐市南昌路403号　邮编：830091
印　　刷：新疆新华印刷厂　　定价：2.00元
发　　行：乌鲁木齐市邮政局
订　　阅：全国各地邮局，各县扶贫办、科技局、农经局和本刊编辑部
国际标准刊号：ISSN　1004－1095
国内统一刊号：CN 65－1046/S－W
邮政代码：58－123　广告许可证号：0016
收款单位：新疆农业科学院农业经济与科技信息研究所
开户银行：中国农业银行股份有限公司乌鲁木齐南昌路支行
行　　号：103881000461 账号：30-004601040000839

# كۆزگى بۇغداي مايسىلىرىنى دەرىجىگە ئايرىپ ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

مەمتىمىن غۇلام
(قاغىلىق ناھىيە ئۇرۇقچىلىق مەيدان تېخنىكا گۇرۇپپىسىدىن 844900)

بۇغداي ئۆستۈرۈشتە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن «ئاجىز مايسا»، «بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كەتكەن مايسا»، «تىمەن مايسا» دىن ئىبارەت ئۈچ خىل مايسا شەكىللىنىدۇ. بۇ ئۈچ خىل مايسىنىڭ ئاساسلىق ھالىتى، شەكىللىنىش سەۋەبى ۋە مۇناسىپ پەرۋىش تەدبىرلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت.

1. ئاجىز مايسا: غولى كىچىك، پاكار، قىش كىرىشتىن بۇرۇن تۈپلەنمىگەن، ھەر مودىكى ئاساسىي غول سانى 350 مىڭغا يەتمىگەن، يوپۇرماق رەڭگى ساغۇچ يېشىل، يىلتىزى تەرەققىي قىلمىغان، ھەر تۈپتىكى يوپۇرماق سانى ئۈچكە يەتمىسە ئاجىز مايسا دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىلدىكى مايسىلار تۇپراقنىڭ داندار قۇرۇلمىسى ناچار، ئاساسىي ئوغۇتى يېتەرسىز، تېرىش ۋاقتى كېچىككەن، تېرىش نورمىسى ئاز، سورت خۇسۇسىيىتىنىڭ ناچار بولۇش سەۋەبىدىن شەكىللىنىدۇ. ئاجىز مايسىلارغا ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەركەز قىلغان ھالدا تېز پەرۋىش قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. قىش كىرىشتىن بۇرۇن يەنى توڭ ياتقۇزۇشتىن ئىلگىرى بىر قېتىم تۈپلەندۈرۈش سۈيى بېرىش، توڭ سۈيىنى يەر كېچىدە توڭلاپ كۈندۈزى ئېرىيدىغان ۋاقىتتا قويۇش لازىم. ئاجىز مايسىلارنىڭ قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشى ئۈچۈن، 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 2 ـ ئاينىڭ بېشىدا قىغ، ئۆسۈملۈك كۆلى ۋە سۈپەتلىك قۇرۇق توپا بىلەن «توپىلاش» نى ياخشى ئىشلەپ، بۇغداي مايسىلىرىنىڭ قار تەسىرىدىن چىرىپ كېتىش، قاتتىق سوغۇق تەسىرىدە ئۈششۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا ئاجىز مايسىلارغا قارىتا سۇ ۋە قوشۇمچە ئوغۇتنى بالدۇر ھەم كۆپرەك بېرىش لازىم. 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئاجىز مايسىلارنىڭ ھەر موسىنى 15 ـ 20 كىلوگىرام ئاموننىي نىترات ياكى 15 كىلوگىرام

ئورىيا بىلەن قۇرلاپ ئوغۇتلاش لازىم. غول تارتىش مەزگىلىگەدە 10 ـ 12 كىلوگىرام ئورىيا بىلەن ئوغۇتلاش ۋە ھەرقايسى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىل-لىرىدە ماھىرلىق بىلەن سۇغىرىش ئارقىلىق ئاجىز مايسىلارنى تېمەن ئۆ-سۈشكە يۈزلەندۈرۈش لازىم.

2. كۈچلۈك ئۆسكەن (بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كەتكەن) مايسا: قىش كى-رىشتىن بۇرۇن ھەر مودىكى ئومۇمىي تۈپ سانى بىر مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن، يوپۇرماق رەڭگى توق يېشىل، قۇر ئارىلىقلىرىنىڭ يېپىلىشى بال-دۇر، يوپۇرمىقى كەڭ ھەتتا قىش كىرىشتىن بۇرۇن غول تارتىپ قالغان، تۈپلىنىشى بەك بالدۇر ۋە كۆپ بولغان مايسىلار بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كەت-كەن مايسىلار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىلدىكى مايسىلار بەك بالدۇر تېرىلىپ كەتكەن، تېرىش مىقدارى كۆپ، ئاساسىي ئوغۇتنىڭ مىقدارى بەك كۆپ، تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقى زىيادە يۇقىرى بولۇش سەۋەبىدىن شەكىللىنىدۇ. بۇ خىلدىكى مايسىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئورگانلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تىزگىنلەپ، كۆپىيىش ئورگانلىرىنىڭ يېتىلىشىنى تېزلىتىشنى مەق-سەت قىلغان ھالدا پەرۋىش قىلىش لازىم. سۇغىرىش ۋە ئوغۇتلاش قې-تىم سانى ۋە مىقدارىنى ئازايتىش ھەتتا تولۇق بىلەن باستۇرۇش، چوڭقۇر كولتىۋاتسىيە قىلىش، ئۈنۈملۈك تۈپچە بىلەن ئۈنۈمسىز تۈپ-چىنىڭ بۆلۈنۈشىنى تېزلىتىش قاتارلىق پەرۋىش خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

3. تېمەن مايسا: قىش كىرىشتىن بۇرۇن ھەر مودىكى ئومۇمىي تۈپ سا-نى 800 مىڭ ئەتراپىدا بولغان، ھەربىر تۈپى 5 ـ 6 يوپۇرماق چىقارغان، 3 ـ 5 تال تۈپلەنگەن، يوپۇرماق رەڭگى يېشىل، يىلتىزى نورمال تەرەققىي قىلغان مايسىلار تېمەن مايسا دېيىلىدۇ. بۇ مايسىلار تۇپراقنىڭ داندار قۇ-رۇلمىسى ياخشى، سۇ، ئوغۇتى يېتەرلىك، تېرىش ۋاقتى ۋە تېرىش نورمى-سى مۇۋاپىق بولغان ئەھۋال ئاستىدا شەكىللىنىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ماي-

سىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق مەزگىلدە سۇغىرىش ۋە سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ قوشۇمچە ئوغۇتلاش لازىم. قايتا كۆكىرىش مەزگىلى، غول تارتىش مەزگىلى ۋە پوقاق بولۇش مەزگىللىرىدە 10 ـ 15 كىلوگىرام ئورىيا بىلەن ئوغۇتلاش ۋە مۇۋاپىق سۇغىرىش لازىم. ئومۇمەن بۇغداي ئۆستۈرۈش جەريانىدا يەنە تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم: (1) مەھەللىۋى ئوغۇت بىلەن خىمىيەۋى ئوغۇتنى ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش كېرەك؛ (2) ھەرقايسى رايونلار ئۆز جايىنىڭ ھاۋا كىلىماتى، سۇ، تۇپراق شارائىتىغا ئەڭ ياخشى ماسلىشىدىغان يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك بۇغداي سورتلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك؛ (3) قىشتا بۇغداي ئېتىزلىرىدا چارۋا ـ ماللارنى ئوتلاتـ ماسلىق ۋە بۇغداي ئېتىزلىرىدا مۇز قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم؛ (4) بۇغداي غول تارتىش مەزگىللىرىدە ھەر موغا 2 ـ 3 گىرام بوغۇم قىسقارتىش دورىسى بىلەن 150 ـ 200 گىرام كالىي دى ھىدرو فوسـ فات دورىسىنى بىرلەشتۈرۈپ چېچىش ئارقىلىق، بۇغداي مايسىلىرىنىڭ «يېتىپ كېتىش» تىن ساقلىنىش لازىم؛ (5) شورلۇق تۇپراقلارغا قارىتا بۇغداي قايتا كۆكىرىش مەزگىلىگە كىرگەندە (توك ئېرىگەندە) بۇغداي ئېتىزلىرىنى 2 ـ 3 قېتىم تىرنىلاش، ھەرقېتىملىق تىرنىلاش ۋاقىت ئارىلىقىنى 3 ـ 5 كۈن قىلىش، تىرنىلاش چوڭقۇرلۇقىنى ئۈچ سانتىـ مېتىرغا يەتكۈزۈش كېرەك. بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئەتىياز پەسىلـ لىرىدە بۇغداي ئېتىزلىرىدا تۇپراق يۈزىگە شور ئۆرلىۋېلىپ، بۇغداي مايسىلىرىنى نابۇت قىلىۋېتىشتىن ساقلىنىش ۋە بۇ خىلدىكى بۇغداي ئېتىزلىرىغا قارىتا سۇغىرىش مىقدارىنى مۇۋاپىق كۆپەيـ تىش ۋە ھەر قېتىملىق سۇغارغان چاغدىكى سۇنى قەتئىي چىقىـ رىۋەتمەسلىك لازىم. (02)

# پارنىك، لاپاستا ئىسسىقخۇمچى دورا ئىشلەتكەندە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

ئايگۈل ياسىن
(يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىشەھەر بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 844200)

ئىسسىقخۇمچى دورىلار ئارقىلىق كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەشغۇلاتى ئاددىي، ۋاقىتنى، ئەمگەك كۈچىنى تېجەيدىغان ئۇسۇل بولۇپ، دورا چېچىش ئۇسۇلىغا قارىغاندا پارنىك نەملىكىنى ئاشۇرمای، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرى ياكى كېسەللىك يامراش مەزگىلىدە ئىسسىقخۇمچى دورىلارنى ئىشلەتكەندە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

**1. دورا ئىشلىتىش ۋاقتى:** ئىسسىقخۇمچى دورىلارنى كۈچلۈك كۈن نۇرى ئاستىدا ۋە ئۆسۈملۈك تېنى يۇزىدە سۇ تامچىسى بولغان ئەھۋالدا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئادەتتە چۈشتىن كېيىن پارنىك ـ لاپاسقا يالتىراق يوپۇق يېپىلىپ، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئېغىزىنى ئېتىۋەتكەندىن كېيىن ئىسلاش دورىسىنى ئىشلەتسە بولىدۇ.

**2. دورا ئىشلىتىش مىقدارى:** ئىسسىقخۇمچى دورىلارنى كېسەللىكنىڭ تۈرىگە قاراپ تاللاش كېرەك، مەسىلەن: لاپاس ئىچىگە مايسا كۆچۈرۈشتىن ئىلگىرى داكونىل (百菌清) دورىسىنى ئىشلىتىش، پارنىكتىكى شوخلا ۋە تەرخەمەكلەردە يوپۇرماق پۇرلىشىش كېسىلى كۆرۈلگەندە سومىلىكىس (速克灵) ئىسسىقخۇمچى دورىسى ئىشلىتىش، كۆپ خىل كېسەللىك بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرگەندە، بىرىكمە تۈردىكى ئىسسىقخۇمچى دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم. نۆۋەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئىسسىقخۇمچى دورىلاردىن 10% لىك سومىلىكىس، 45% لىك داكونىل، جۇنچۇڭ 6+1 (菌虫 1+6) ئىسسىقخۇمچى دورىلىرى ھەمدە 22% لىك د د ۋ (敌敌畏) ئىسسىقخۇمچى دورىسى قاتارلىقلار بار. ئىسسىقخۇمچى دورىلارنىڭ ئىشلىتىش مىقدارىنى يەر كۆلىمى

بويىچە ئەمەس، بەلكى پارنىك بوشلۇقىنىڭ ھەجمى بويىچە ھېسابلاپ بېكى- تىش لازىم. ئادەتتە 100 كۇب مېتىر بوشلۇققا 25 ـ 40 گىرام ئىسلاش دورىسى ئىشلەتسە مۇۋاپىق بولىدۇ.

**3. ئىشلىتىش ئۇسۇلى:** ئىسلىغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن پارنىك ئىچىنى ھىم ئېتىش، دورىنى پارنىك ـ لاپاس ئىچىگە تەكشى قو- يۇش، دورىنى ئاجىز ئوتتا تۇتاشتۇرۇپ، پارنىك ئوتتۇرىسىدىن سىرتقا قاراپ يېقىش كېرەك. ئوت يېقىلغاندىن كېيىن دەرھال پارنىكنى ھىم ئې- تىش، ئەتىسى سەھەردە ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئېغىزلىرىنى ئېچىپ ۋاقتىدا ھاۋا ئالماشتۇرۇش كېرەك. كېسەللىك پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن ياكى پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىمدىن جەمئىي 3 ـ 4 قېتىم ئىسلاش كېرەك. شامال چىقمىغان كۈنلەردە پارنىك، لاپاس ئىچىدىكى ھاۋا ئېقىمى بىرقەدەر تۇراقلىق بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئىس- لىغۇچى دورىلاردىن ئىككى تالنى ئارتۇق ئىشلەتسىمۇ ھەمدە ۋاقىتنى سەل ئۇزارتسىمۇ بولىدۇ. شامال چىققان كۈنلىرى پارنىك ئىچىدىكى ھاۋا ئېقى- مىنىڭ يۆنىلىشى سىرتقى مۇھىتنىڭ ئەكسىچە بولغاچقا، ئىسلىغۇچى دورىلارنى شامالنىڭ باشلىنىش تەرىپىگە كۆپرەك قويسا، پارنىك ئىچى- دىكى ھاۋا ئېقىمىنىڭ ئىس ـ تۈتەكلەرنى پارنىك ئىچىگە تەكشى تار- قىتىشىغا پايدىلىق بولىدۇ.

**4. بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىش:** ئىسلىغۇچى دورىلار ئادەمنىڭ كۆز، بۇرۇن ۋە نەپەسلىنىش يوللىرىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ ۋە غىدىقلايدۇ. شۇڭلاشقا ئىسلىغۇچى دورىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىشىك- نى ھىم ئېتىش كېرەك. ئەتىسى سەھەردە ھاۋا ئۆتۈشتۇرۇپ بولغاندىن كې- يىن نورمال مەشغۇلات ئېلىپ بارسا بولىدۇ. ئىسلىغۇچى دورىلار ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئاسان نەملىشىدىغان بولغاچقا، ئېشىپ قالغان دورىلارنى بىخە- تەر يەردە ساقلاشقا دىققەت قىلىش لازىم. (05)

# پارنىكتا گىلاس ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

خايرىنسا ئىبراش پاتىگۇل ئىمىن خالىدەم ئەخمەت
(شايار ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 842200)

**1. سورت تاللاش:** چاڭلىشىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، يۇقىرى تېمپېراتۇرا، يۇقىرى نەملىك، ئاجىز يورۇقلۇققا ماسلىشالايدىغان سورتلارنى تاللاش لازىم. نۆۋەتتە «خۇڭدىڭ»، «ئىتالىيە گىلاسى»، «ئوكرائىنا چوڭ گىلاسى» قاتارلىق سورتلار پارنىك، يالتىراق كېمىردە ئۆستۈرۈلۈۋاتىدۇ.

**2. يەرگە ئىشلەش:** سىغىز تۇپراققا قۇم ئارىلاشتۇرۇش ھەم ھەر مو يەرگە 6 ـ 8 مىڭ كىلوگىرام چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇت بېرىش كېرەك. ئادەتتە مەھەللىۋى ئوغۇت ۋە توخۇ مايىقى بىلەن ئوغۇتلىسا تۇپراقنى ياخشىلايدۇ.

**3. تىكىش زىچلىقى:** تىكىش زىچلىقى دەرەخنىڭ سورتى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسەن ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەتتە قۇر ئارىلىقى 1 ـ 2 مېتىر، تۈپ ئارىلىقى بىر مېتىر بولسا ئەڭ مۇۋاپىق. ئورەكنىڭ كەڭلىكى بىر مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 0.5 مېتىر قىلىنىدۇ. ئورەك كولىغاندا ئۈستىدىكى توپا بىلەن ئاستىدىكى توپىنى ئايرىم قويۇپ، ئورەكنى تىندۇرغان ۋاقىتتا ئۈستىدىكى توپا بىلەن چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇت ھەم فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇتلارنى مۇۋاپىق ئارىلاشتۇرۇپ ئورەك ئىچىگە تۆكۈپ، ئاندىن ئاستىنقى قەۋەت توپا بىلەن كۆمۈش لازىم. ئوغۇتنىڭ يىلتىزنى كۆيدۈرۈۋېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كۆچەتنى مۇۋاپىق تېيىز تىكىپ، يىلتىز قىسمى بىلەن ئوغۇت بىۋاستە ئۇچرىشىشتىن ساقلىنىش لازىم.

**4. ئۆسۈشنى تېزلىتىش تەدبىرى:** 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن بۇرۇن يىلتىزدىن ئوغۇتلىغاندا، ھەربىر تۈپكە 40 ـ 50 گىرام ئۇرېيا (尿素) بېرىلىدۇ. يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلىغاندا 0.3% لىك ئۇرېيا ياكى 0.4% ـ 0.5% لىك كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) ھەر 10 ـ 15 كۈندە بىر قېتىمدىن ئۇدا ئۈچ قېتىم پۈركۈلىدۇ.

**5. تېمپېراتۇرا ۋە نەملىكنى تەڭشەش:** بىخلىنىش مەزگىلى بىلەن

چېچەكلەش مەزگىلى تېمپېراتۇرىنى كونترولق قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق مەزگىل. بىخلىنىش مەزگىلىدە تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ كەتسە مېۋىلەش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.چېچەكلەش مەزگىلىدە تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولسا چاڭلىنىشقا تەسىر يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىخ سۈرۈش مەزگىلىدە تېمپېراتۇرا 16℃ ـ 20℃، چېچەكلەش مەزگىلىدە 18℃ ـ 20℃، مېۋىسى چوڭىيىش مەزگىلىدە 12℃ ـ 24℃ بولسا مۇۋاپىق. ئەگەر تېمپېراتۇرا يۇقىرىلاپ كەتسە دەسلەپتە پارنىك ئۈستىنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇلىدۇ. تېمپېراتۇرا داۋاملىق ئۆرلەپ كەتسە پارنىكنىڭ ئالدى تەرىپىنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر كېچىلىك تېمپېراتۇرا 5℃ تىن تۆۋەنلەپ كەتسە، تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق ۋاقتى بىرقەدەر ئۇزۇن بولسا، ئوت قالاپ ئىسسىتىلىدۇ. سىرتنىڭ تېمپېراتۇرىسى 10℃ تىن يۇقىرى بولغان ۋاقىتتا پارنىك يېپىنچىسىنى يېپىشنى توختاتسا بولىدۇ. نەملىك زىيادە ئېشىپ كەتسە ھاۋا ئالماشتۇرۇلىدۇ. كېچىلىك تېمپېراتۇرا بىخ سۈرۈش مەزگىلىدە 5℃ ـ 6℃، چېچەكلەش مەزگىلىدە 5℃ ـ 7℃، مېۋىسى چوڭىيىش مەزگىلىدە 10℃ ـ 12℃، مېۋىسى پىشىش ياكى پىشىشقا يېقىنلىشىش مەزگىلىدە 12℃ ئەتراپىدا كونترول قىلىنىدۇ. نىسپىي نەملىك بىخ سۈرۈش مەزگىلىدە 70% ـ 80%، باشقا مەزگىلدە 50% ـ 60% بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

**6. پەرۋىشى:** ① ھاۋانىڭ نەملىكىنى تۆۋەنلىتىش، چاڭلاشتۇرغۇچى سورتلارنى مۇۋاپىق سەپلەپ تىكىش، ئادەم كۈچى ۋە ھەسەل ھەرىسى بىلەن چاڭلاشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش لازىم. 15℃ ـ 25℃ لۇق شارائىتتا ھەسەل ھەرىسىنىڭ چاڭلاشتۇرۇش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ؛ ② چېچەك، مېۋىلەرنى شالاڭلاتقاندا، مېۋىسىنى تەكشى چوڭايتىپ، رەڭگى ۋە سۈپىتىنى ياخشىلاپ، پىشىشنى تېزلەتكىلى بولىدۇ؛ ③ مېۋە شېخىنى چۈشۈرۈش، مۇۋاپىق كېسۋېتىش، نۇر قايتۇرغۇچى پەردە يېپىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، يورۇقلۇقنىڭ تەكشى چۈشۈشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مېۋىسىنىڭ ياخشى رەڭلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. (02)

# كونا تۇرلۇق بارنىڭ ياساشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

گۆھەرنىسا تۇرسۇننىياز
(نىيە ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 848500)

**1. كونا تورلۇق پارنىكلاردا كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشنى زاماننىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم نىشانى:** ① يەردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. كۆپ ساندىكى كونا تورلۇق پارنىكلاردا يەردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى نۆۋەتتىكى %40 تىن %80 كە كۆتۈرۈش، ۋاقىتتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى هازىرقى %70 تىن %90 ئەتراپىغا كۆتۈرۈپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت؛ ② سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، باستۇرۇپ سۇغىرىشنى تېجەشلىك تېمىتىپ سۇغىرىشقا ئۆزگەرتىپ، ئىشلەپچىقىرىشتىكى سۇ تېجەشنى %30 تىن ئاشۇرۇش؛ ③ قۇياش ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، بىرلىك كۆلەمدىكى قۇياش نۇرىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۈچ ھەسسىدىن ئاشۇرۇش؛ ④ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش؛ ⑤ مەھسۇلات سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش؛ ⑥ مەھسۇلات مىقدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىلگىرىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، نۆۋەتتە كونا تورلۇق پارنىكلاردىكى ئاساسلىق مېۋە، كۆكتاتلارنىڭ يىللىق مەھسۇلاتىنى 20 مىڭ كىلوگىرامغا يەتكۈزۈپ، مەھسۇلات مىقدارىنى يەنە 2 ـ 3 ھەسسە ئاشۇرۇش لازىم.

**2. يۇقىرىقى نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئاساسىي تەلەپ:** ئاۋۋال ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كونا تورلۇق پارنىكلاردا كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشقا ماس كېلىدىغان رايونلاردىكى تەبىئىي بايلىقلارنى، بازاردىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى ۋە رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مۇھىتىنى يېتەرلىك ئويلىشىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۆۋەندىكى مۇھىت ئالاھىدىلىكىنى ھازىرلاش كېرەك: (1) يىللىق

يورۇقلۇق چۈشۈش ۋاقتى 2500 سائەتتىن يۇقىرى بولۇش، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى 55% تىن يۇقىرى بولۇش؛ (2) يىللىق ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 5℃ ـ 25℃ ئارىلىقىدا بولۇشى، يىللىق ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا نۆلدىن يۇقىرى 35℃ تىن تۆۋەن بولسا مۇۋاپىق؛ (3) يەر ئاستى سۇ مەنبەسى يېتەرلىك بولۇشى؛ (4) بۇلغانمىغان رايون بولۇشى كېرەك. باشقا رايونلار گەرچە زامانىۋى كۈن نۇرلۇق پارنىك باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن تەننەرخى ئېشىپ كېتىپ، ئۇنۇمى تۆۋەنلىشى مۇمكىن. بازارنى يېتەكچى قىلىشتا مۇنۇلارنى هازىرلاش كېرەك: ① ئالاھىدە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى هازىرلاش؛ ② يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ۋە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى هازىرلاش؛ ③ باھا ئەۋزەللىكىگە ئىگە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى هازىرلاش، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش كېرەك.

**3. قۇرۇلما لايىھەلەشتىكى ئۈچ يادرو:** ئاۋۋال يورۇقلۇقتىن پايدىلىنىشنى مەركەز قىلىشنى كۆچەيتىپ، پارنىكنىڭ يورۇقلۇق چۈشۈش يۈزىگە قىشتا ھەر كۈنى 10 سائەت يورۇقلۇق چۈشۈشكە كاپالەتلىك قىلىپ، كۈن نۇرى بىلەن پارنىكنىڭ يورۇقلۇق چۈشۈش يۈزىنىڭ كېسىشىش بۇلۇڭى 50 گىرادۇستىن چوڭ بولۇشى، تېمپېراتۇرا ساقلاشنى مەركەز قىلىش كېرەك. تېمپېراتۇرىنى ساقلاش ۋە قۇرۇلمىنى ئاسراشنىڭ تەلىپى مۇنۇلار: ئىسسىق ساقلاش ۋە ئىسسىق ئايرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بىرىكمە تام ئىشلىتىش؛ ئىسسىق ساقلاپ نەملىكنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغان يېنىك ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ئىقتىسادىي ئەمەلىي ئۈنۈمنى مەركەز قىلىپ، پارنىك تېمپېراتۇرىسى، تۇپراق تېمپېراتۇرىسى، ھاۋا نەملىكى، يورۇقلۇق چۈشۈش قاتارلىقلارنى قەرەللىك ئۆلچەش، سۇغۇ-

ـرىش، دېرىزىلەرنى ئوراپ ئىسسىق ساقلاش، قەرەللىك ھاۋا ئالماشتۇرۇش، يورۇقلۇق، نەملىك قاتارلىقلارنى يېرىم ئاپتوماتىك كونترول قىلىشنى، سۇنئىي ئۇسۇلدا تېمپېراتۇرا كونترول قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆن نۇرلۇق پارنىكتا ئۆستۈرۈلىدىغان زىرائەتلەر سۇنـ ئىي مەشغۇلات قىلىشقا ماس كېلىشى، كىچىك تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن مەشغۇلات قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىشى كېرەك.

**4. ئاساسلىق تېخنىكىلىق تەدبىرلەر:** ① كۆكتاتلارنى ھەممە پەـ سىللەردە ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدىـ غان ئىلغار تىپلىق كۆن نۇرلۇق پارنىكلارنى تاللاپ قۇرۇش كېرەك؛ ② بازىرى ئىتتىك كۆكتات تۈرلىرى ۋە سورتلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، سورتنى تاللىغاندا تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا، ئاجىز يورۇقلۇققا ۋە كېسەلگە چىداملىق سورتلارنى تاللاپ تېرىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا بازارلاردا خېلى ئۇزۇن مەزگىل ساتقىلى بولىدىغان، ساقلاش ۋە يۆتـ كەشكە چىداملىق كۆكتات تۈرلىرىنى ۋە سورتنى تاللاشقا، ئەلا سۈپەتلىك بولۇشقا تەڭ ئېتىبار بېرىش كېرەك؛ ③ يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈـ پەتلىك ۋە زىيانسىز ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى قوللىنىش كېرەك. نۆۋەتتە شىنياڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى يىللىق مو مەھسۇلاتى 20 مىڭ كىلوگىراملىق كۆن نۇرلۇق پارنىكنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. بۇ پارنىكتا شوخلا، تەرخەمەك، پىدىگەن قاتارلىق كۆكتاتلارنى ئەلا سۈپەتـ لىك، زىيانسىز ئىشلەپچىقىرىشقا بولىدۇ. نۆۋەتتە كۆن نۇرلۇق پارنىكـ تا قوغۇننى ئەلا سۈپەتلىك، زىيانسىز ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە ياۋا كۆكتاتلارنى زىيانسىز ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ھەمدە ئۇنىڭ يەرلىك ئۆلچىمى كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاـ شۇرۇشقا تۆرتكە بولماقتا. (02)

# يالتىراق يوپۇق يېپىپ قىزىلچا ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

شېرىنئاي ئابدۇللا
(ئىلى ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك پەن ـ تەتقىقات ئورنىدىن 835000)

**1. دائىرىسى:** بۇ ئۆلچەمدە قىزىلچىنىڭ مو مەھسۇلاتى 5000 كىلوگىرامغا، قەنت مىقدارى 16% كە يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ ئۆلچەم جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى قىزىلچا ئۆستۈرۈش رايونلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**2. مەھسۇلات مىقدارى ۋە تېخنىكا كۆرسەتكۈچلىرى:** ① مەھسۇلات قۇرۇلمىسى: ھەر مودىن يىغىۋېلىنىغان تۈپ سانى 5000 ـ 5500 تۈپ، تۈگۈنەك يىلتىزنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 0.9 ـ 1.0 كىلوگىرامغا يېتىدۇ؛ ② يوپۇرماق كۆلىمى كوئېففىتسېنتى مايسا مەزگىلىدە 0.3، تۈگۈنەك يىلتىز چوڭىيىش مەزگىلىدە تۆتتىن يۇقىرى، يىغىۋېلىش مەزگىلىدە ئىككىدىن يۇقىرى بولىدۇ؛ ③ تۇپراق مۇنبەتلىكى كۆرسەتكۈچى: ئورگانىك ماددا مىقدارى 10 ـ 15 گىرام/كىلوگىرام، ئىشقاردا پارچىلىنىدىغان ئازوت 60 مىللىگىرام، تېز ئۈنۈملۈك فوسفور 8 ـ 10 مىللىگىرام/كىلوگىرام، ئومۇمىي تۇز مىقدارى 40 گىرام/كىلوگىرامدىن تۆۋەن بولىدۇ؛ ④ ئوغۇتلاش كۆرسەتكۈچى: ھەر موغا 2000 كىلوگىرامدىن كۆپرەك ئورگانىك ئوغۇت، 25 ـ 30 كىلوگىرام ئاممونىي فوسفات، 45 ـ 50 كىلوگىرام ئورىيا بېرىلىدۇ. ئازوت ـ فوسفورنىڭ نىسبىتى 1:60~50 قىلىش لازىم.

**3. ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى:** تېرىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق: (1) يەر تاللاش: تېرىلغۇ قەۋىتى قېلىن، داندارلىق قۇرۇلمىسى ياخشى، سۇ، ئوغۇت ساقلاش ئىقتىدارى نىسبەتەن كۈچلۈك. ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى، سۇغىرىشقا قولايلىق بولغان مۇنبەت تۇپراق ۋە قۇمساڭ ئەت تۇپراقلار تاللىنىدۇ. تەكرار تېرىشقا بولمايدۇ؛ (2) ئاساسىي ئوغۇت: كەڭ يالتىراق يوپۇق يېپىلىدىغان قىزىلچىنىڭ بارلىق ئاساسىي ئوغۇتلىرى بىرلا قېتىم بېرىلىدۇ. تار يالتىراق يوپۇق يېپىلىدىغان قىزىلچىنىڭ بارلىق ئورگانىك ئوغۇتلى-

رىنىڭ 3/2 قىسمى، ئازوتلۇق ئوغۇت (尿素) (30 ـ 33 كىلوگىرام/مو) ۋە ئاممونىي فوسفات (20 ـ 25 كىلوگىرام/مو) ئاساسىي ئوغۇت قىلىنىپ، كۆز، ئەتىيازدا يەرنى ئاغدۇرۇشقا بىرلەشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. (3) يەرگە ئىشلەش: ئالدىنقى زىرائەت يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن 20 ـ 25 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇپ تەكشى سۇغىرىش، كۆزدە ئاغدۇرۇلمىغان، سۇغىرىلمىغان يەرنى ئەتىيازدا 16 ـ 20 سانتىمېتىر چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ سۇغىرىش كېرەك. يەرنىڭ ئوسىسى كېلىشكەن ۋاقىتتا دەرھال تەكشىلەپ، تەكشى، يۇمشاق، نەملىك دەرىجىسى مۇۋاپىق، ئالدىنقى تېرىلغان زىرائەتنىڭ قالدۇقلىرى، چالمىلار بولمىغان، نەملىكى يېتەرلىك، بالدۇر ھەم تېيىز تېرىش ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. (4) سورت تاللاش: مول مەھسۇلاتلىق، قەنت تەركىبى يۇقىرى، كېسەلگە چىداملىق سورتلارنى تاللاش كېرەك. نۆۋەتتە ئاساسلىق تېرىلىۋاتقان سورتلاردىن «شىنجاڭ قىزىلچىسى ـ 9.8.7.6»، «سۇكېن ـ 8312» قاتارلىق سورتلار بار. ئۇرۇق سۈپىتى چوقۇم 2 ـ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى، ساپلىقى 98% تىن يۇقىرى، پاكىزلىق دەرىجىسى 95%، نەملىكى 12% تىن تۆۋەن بولۇش كېرەك؛ (5) ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىش: ئۇرۇقنى 1 ـ 2 كۈن ئاپتاپقا سالغاندىن كېيىن، ئۇرۇقنىڭ ياغاچلانغان گۈل كاسىسى ۋە سىرتقى مېۋە پوستىنى ئېلىۋېتىپ، كېرەكسىز شۆپۈكلەرنى تازىلاش كېرەك. دورا ئارقىلىق دېزىنفېكسىيە قىلىش ئۈچۈن، 100 كىلوگىرام ئۇرۇقىقا 90 كىلوگىرام سۇنى ئۈچ قېتىمغا بۆلۈپ، ھەر ئالتە سائەتتە بىر قېتىم ئارىلاشتۇرۇش، يەنى 1 ـ قېتىم 45 كىلوگىرام، 2 ـ قېتىم 25 كىلوگىرام، 3 ـ قېتىم 20 كىلوگىرام سۇ ئارىلاشتۇرۇش، 3 ـ قېتىم سۇ ئارىلاشتۇرۇش ۋاقتىدا 35% لىك مېتىل فوسلان (جياجي ليۇخۇەنلىن) دىن ئىككى كىلوگىرام قوشۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، يالتىراق پەردە بىلەن يېپىپ، سەككىز سائەت دۇملەپ ئاندىن سالقىندىتىپ، ئۇرۇق پوستى سارغىيىشقا باشلىغاندا تېرىش كېرەك. (02)

# تەكرار تېرىلىدىغان كېۋەز يېرىنى ئوغۇتلاشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

ھەلىمە تۇرسۇن
(«يېزا پەن تېخنىكىسى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن 830091)

1. تەكرار تېرىلىدىغان كېۋەز يېرىنى 3 ـ 4 يىلدا بىر قېتىم، بۆلەك-لەرگە بۆلۈپ بولسىمۇ ئاپتاپقا سېلىش ئارقىلىق، تۇپراقنىڭ فىزىكىلىق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

2. تەكرار تېرىلىدىغان كېۋەز يېرىنى چوقۇم يىلدا بىر قېتىم ئۆلچەم-لىك چىرىتىلگەن ئورگانىك ئوغۇت بىلەن يېتەرلىك ئوغۇتلاش كېرەك.

3. تەكرار تېرىلىدىغان كېۋەز يېرىگە 2 ـ 3 يىلدا بىر قېتىم يېشىل ئوغۇت ئۆسۈملۈكى تېرىپ، تۇپراققا قايتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

4. تەكرار تېرىلىدىغان كېۋەز يېرىگە ئورگانىك ئوغۇت، خىمىيەۋى ئو-غۇت ۋە بىرىكمە ئوغۇتلارنى ماسلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك.

5. تەكرار تېرىلىدىغان كېۋەز يېرىنى چوقۇم كۈزدە 50 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇپ، تۇپراقتىكى مىكرو ئورگانىزىملارنى جانلاندۇرۇپ، تۇپراقنىڭ سۇ، ئوغۇت ساقلاش، ھاۋا ئۆتكۈزۈش، ئىسسىقلىق ساقلاش ئىق-تىدارىنى ياخشىلاپ، كېلەر يىللىق كېۋەزنىڭ تىمەن ئۆسۈپ، يۇقىرى مەھسۇلات بېرىشىگە تولۇق شارائىت يارىتىش كېرەك.

6. تەكرار تېرىلىدىغان كېۋەز يېرىگە ئامال بار قىشلىق تولۇق ياتقۇزۇش كېرەك.

7. تەكرار تېرىلىدىغان كېۋەز يېرىنى قىشتىكى بوش ۋاقىتتىن پايدى-لىنىپ ساي توپىسى، كونا تام توپىسى قاتارلىقلار بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك.

8. تەكرار تېرىلىدىغان كېۋەز يېرىنىڭ مۇۋاپىق يېرىگە زەيكەش چېپىپ زەي قاچۇرۇش كېرەك.

# كېۋەزگە كالىيلىق ئوغۇت ئىشلىتىشنىڭ ئەھمىيىتى

كاملجان زۇنۇن مەخمۇتجان
(ئاقتۇ ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 845550)

بۇنىڭدىن خېلى يىل بۇرۇن مەملىكەت بويىچە 2 ـ قېتىملىق تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، رايونىمىز تېرىلغۇ تۇپراقلىرىدا ئازوت، فوسفور كەمچىل، كالىي يېتەرلىك دەپ بېكىتىلگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا كالىينى تولۇقلاشقا سەل قارالغانلىقتىن، مەھسۇلات ئېشىش سۈرئىتى بىرقەدەر ئاستا بولۇپ قالدى. يېقىنقى بىرقانچە يىللىق كۆزىتىش ۋە كېۋەزنى كالىيلىق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش تەجرىبىلىرىنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، رايونىمىز تېرىلغۇ تۇپراقلىرىدا كالىينى تولۇقلاشقا ئەھمىيەت بېرىلمىگەچكە، تۇپراقتىكى كالىي مىقدارى زور دەرىجىدە ئازىيىپ، كېۋەزنىڭ كالىيغا بولغان ئېھتىياجىنى تەمىنلەپ كېتەلمىگەن. دېمەك، كېۋەزنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كېۋەزنىڭ كالىيغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك.

**كالىينىڭ كېۋەزگە تەسىرى:** (1) كېۋەز ئېنزىملارنى ئاكتىپلاشتۇرۇش رولىنى ئويناپ، ماددا ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كېۋەزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ (2) كالىي يېتەرلىك بولغاندا كېۋەز تۇپىنىڭ نۇر بىرىكتۈرۈش رولى كۈچىيىدۇ؛ (3) قەنت ۋە كىراخمالنىڭ ئال-

---

9. تەكرار تېرىلىدىغان كېۋەز يېرىنى رېتسىپلىق ئوغۇتلاپ، ئۇدا ھوسۇل ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

10. تەكرار تېرىلىدىغان كېۋەز يېرىنى 2 ـ 3 يىلدا بىر قېتىم، تۇپراق تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلارنى مەخسۇس خىمىيەلىك ئانالىز قىلىپ تەكشۈرتۈپ، تۇپراق ئېھتىياجىغا قارىتا ئوغۇتلاش كېرەك. (05)

مىشىشىنى تېزلىتىدۇ؛ (4) كالىي يېتەرلىك بولسا كېۋەز تۆپى قوبۇل قىلىدىغان ئازوت مىقدارى ئېشىپ، ئاقسىلنىڭ بىرىكىشىنى كۈچەيتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كېۋەز مايسىسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە مېۋە شاخ يېتىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، گۈل ـ غۇنچىلارنىڭ تۆكۈلۈشىنى ئازايتىپ، تۆپتىكى غوزا سانىنى كۆپەيتىپ، مەھسۇلاتى ۋە پاختا سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتىرىدۇ. شۇنداقلا كېۋەزنىڭ قۇرغاقچىلىققا، كېسەلگە ۋە شورغا چىدامىلىقىنى ئاشۇرىدۇ. كېۋەزنىڭ كالىيغا بولغان ئېھتىياجى يېتەرلىك تەمىنلەنمىسە كېۋەز تۆپى ئاجىز ئۆسىدۇ، ئېغىر بولغاندا يوپۇرماقلىرى تۆكۈلىدۇ، غوزا قورۇلۇپ، بالدۇر ئېچىلىپ، پاختا سۈپىتىگە ئېغىر تەسىر يېتىدۇ.

**ئوغۇتلاش تەدبىرلىرى:** (1) كالىينى كېۋەز ئېتىزلىرىنى ئاغدۇرۇشتىن بۇرۇن مەھەللىۋى ئوغۇت ۋە ئازوت، فوسفورلۇق ئوغۇتلارغا بىرلەشتۈرۈپ ئاساسىي ئوغۇت قىلىپ بېرىش كېرەك. بۇ ۋاقىتتىكى كالىيلىق ئوغۇت كېۋەز مايسىسىنىڭ تېمەن ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھەر موغا 5 ـ 10 كىلوگىرام كالىي سولفاتنى ئاساسىي ئوغۇت قىلىپ بەرگەندە، پاختا مەھسۇلاتىنى %10 ـ %15 ئاشۇرىدۇ؛ (2) كېۋەز پىرىجەك ۋە غوزا تۇتۇش مەزگىلىدە كالىيغا ئېھتىياجى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدىكى كالىيغا ئېھتىياجىنىڭ %60 نى ئىگىلەيدۇ. كېۋەزنىڭ بۇ مەزگىلدىكى كالىيغا بولغان ئېھتىياجىنى تولۇق تەمىنلەپ، پاختا مەھسۇلاتىغا ۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاساسىي ئوغۇت يېتەرلىك بېرىلمىگەن بولسا قوشۇمچە ئوغۇتلاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چېچەكلەش مەزگىلىدىن بۇرۇن چۆنەك ئېچىپ كۆمۈپ ئوغۇتلاش، چېچەك مەزگىلى ياكى غوزا تۇتۇش مەزگىلىدە يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلاش كېرەك. قوشۇمچە ئوغۇتلاشتا كالىي سولفات، كالىي خلور، كالىي ھىدرو فوسفات، ئۆسۈملۈك كۈلى قاتارلىقلار ئىشلىتىلسە بولىدۇ. (05)

# تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك

ئابلىمىت توختى
(يوپۇرغا ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىن 844400)

يەر پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق، بىراق تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشچانلىقى ۋە كۆتىرىش كۈچى چەكلىك. نۆۋەتتە تېرىلغۇ يەرلەرنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىشقا ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتىدۇ، ھەتتا بەزى ئورۇنلاردا تېرىلغۇ يەرلەرگە بىر نەچچە يىل تەكرار كېۋەز تېرىلغاچقا، مۇنبەت ئېلېمېنتلار قاتتىق ئىسراپ بولۇشتا، تۇپراق قاتلاملىرىدا پاراكەندىچىلىك كېلىپ چىققان، ئۇنۇمسىز لىنىشكە يۈزلەندى. تېرىلغۇ يەرلەردىكى قالدۇق يالتىراق پارچىلىرى تۇپراقنى ئارىلىشىپ تۇپراقنى بۇلغاپ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە.

شۇڭا تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن مۇنۇلارنى ياخشى ئىشلەش كېرەك: (1) تېرىلغۇ يەرلەرنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. يالتىراق يوپۇق ياپىدىغان زىرائەتلەر بىلەن ياپمايدىغان زىرائەتلەرنىڭ كۆلىمىنى مۇۋاپىق نىسبەتتە ئورۇنلاشتۇرۇش، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تەڭشەش لازىم؛ (2) كېۋەز مايسىلىرىغا تۇنجى سۇيىنى قويۇشتىن بۇرۇن يالتىراق يوپۇقنى ئومۇميۈزلۈك پاكىز ئېلىۋېتىش لازىم؛ (3) ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلاش لازىم. خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ قوزغاتقۇچى كۈچىگىلا تايانغاندا تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. خىمىيەۋى ئوغۇتمۇ ئورگانىك ئوغۇتقا تويۇنغان تۇپراقتىلا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. مەھەللىۋى ئوغۇت ئاز بېرىلسە خىمىيەۋى ئوغۇت تۇپراقنى قاتتىقلاشتۇرۇپ، ئۈنۈمدارلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا يېشىل ئوغۇت ئۆسۈملۈكلىرىنى يەرگە باستۇرۇپ ئاغدۇرۇش، مەھەللىۋى ئوغۇتنىڭ نىسبىتىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرىلىتىش لازىم؛ (4) تېرىلغۇ يەرلەردە چالما قومۇرۇش، ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۆسۈشىگە يول قويۇش، كەلكۈن سۈيىنىڭ لاتقا ياتقۇزۇپ نابۇت قىلىشىدىن ئۈنۈملۈك مۇداپىئە كۆرمەسلىك قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. (05)

# مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شېخىنى كېرىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

ئوسمان ئابلا   رەيھانگۈل روزى
(ئاقسۇ شەھەرلىك ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 843000)

1. شاخ كېرىش ئارىلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. كېرىش ئۇزۇنلۇقى مۇۋاپىق بولمىسا دەرەخ تاجىسىنىڭ كېڭىيىشىگە پايدىسىز بولۇپ قالىدۇ. بەزى باغۋەنلەر قالايمىقان شاخ كېرىش ئارقىلىق، دەرەخ تۈپىنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. مېۋىلىك دەرەخلەرگە نىسبەتەن شاخ كېرىشتە چوڭ شاخلار ئاستىدا، كىچىك شاخلار ئۈستىدە بولۇش پرىنسىپى قوللىنىلىدۇ. ئاستى تەرىپىدىكى شاخلارغا نىسبەتەن بىر مېتىر ئەتراپىدا كېرىش، ئوتتۇرا قىسمىغا نىسبەتەن 80 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، ئۈستى قىسمىغا نىسبەتەن 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا تۈز تارتىش كېرەك. ئەگەر ئۇزۇنلۇقى ئۆلچەمگە يەتمىسە ئالدى بىلەن قويۇۋېتىپ، ئۇزۇنلۇقى مۇۋاپىق بولغاندا شاخ كېرىسە بولىدۇ.

2. كېرىش بۇلۇڭىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك. كېرىش بۇلۇڭى مۇۋاپىق بولمىسا ئۇزۇنلۇقلارنىڭ تەكشى بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نۇرغۇن باغۋەنلەر شاخ ئارىلىقىنى كېرىشتە ئاساسىي بۇلۇڭىنى ئايرىمايدۇ. شۇڭا بىرىنچى قېتىم بۇلۇڭ گىرادۇسىنى تەڭشەش مۇۋاپىق بولمىسا بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن شاخلار قايتا ئۆسۈپ، بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىدۇ. بۇنداق بولغاندا مەشغۇلات تەكرارلىنىپ، ۋاقىت، كۈچ زىيادە سەرپ قىلىنىپ، شاخ كېرىش ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ. شاخ كېرىشتە ئالدى بىلەن ئاساسىي بۇلۇڭ قالدۇرۇش، بۇلۇڭى 80 ـ 90 گىرادۇس ئارىلىقىدا بولۇشى كېرەك.

3. شاخ كېرىش ۋاقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك. شاخ كېرىش ۋاقتى بەك كېچىكىپ قالسا شاخلار بىر ـ بىرىگە بەك كىرىشىپ كېتىدۇ ھەم شاخلار بەك توم ئۆسۈپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بۇلۇڭىنى ئۆلچەملىك چىقارغىلى بول-

مايدۇ. شۇڭا شاخ كېرىشنى ۋاقتىدا، مۇۋاپىق ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئا-دەتتە شاخ تومۇلۇقى 0.2 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، ئۇزۇنلۇقى مۇۋاپىق بول-غاندا تەكشى كېرىش لازىم.

4. شاخنىڭ قەۋەتلەرگە ئايرىلىشىغا دىققەت قىلىش كېرەك. بۇنىڭغا سەل دىققەت قىلمىسا پەقەت ئاستىنقى شاخلارنى قەۋەتلەرگە ئايرىش بىلەن بولۇپ كېتىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا شاخ كېرىشتە ئاستى - ئۈستىنى بىرلىكتە كېرىپ، دەرەخ تۆپىسىنىڭ تەكشى، دەرەخ تاجىسىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. دەرەخ ئېگىزلىكى قۇر ئارىلى-قىنىڭ 80% كە يەتكەندە ئۇچىنى قىسقارتسا، دەرەخ تۆپىسىنىڭ بەك ئېگىز ئۆسۈپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

5. شاخ كېرىش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش كېرەك. نۇرغۇن دېھقانلار شاخ كېرىگەندە ئورنىنى، يۆنىلىشىنى بېكىتمەيلا، ئېغىر يالتىراق خالتىلارنى شاخقا ئېسىپ قويغاچقا شاخلىرى قالايمىقان، ئەگرى - بۈگرى بولۇپ قې-لىپ، سۈپەتلىك مېۋە بەرمەيدۇ. شۇڭا شاخ كەرىگەندە چوقۇم تەكشى، تۆت - تەرەپكە قارىتا رەتلىك بولۇشى، شاخلار كىرىشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. شۇنداق بولغاندا دەرەخنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى ئوزۇقلۇقلار بىلەن تەكشى تەمىنلەپ، ھەممە تەرىپىنىڭ ساغلام ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

6. شاخ كېرىپ بولغاندىن كېيىن مۇۋاپىق چاتاشقا دىققەت قىلىش كې-رەك. نۇرغۇن باغۋەنلەرنىڭ چاتاش ئۇسۇلى قالايمىقان، تەرتىپلىك بولمىغاچقا، دەرەخ تۆپىسىنىڭ بەزى قىسمى كۈچلۈك، بەزى قىسمى ئاجىز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا شاخنى رەتلىك، تەكشى كېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇزارغۇچى قىسىملارغا نىسبەتەن قىسقار-تىپ كېسىش، كۆپ يىللىق ئۆسكۈچى شاخلارغا نىسبەتەن ئۇچىنى كېسىش لازىم. (02)

## چىلان دەرىخىنى قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

مەلىكەم مۆھەممەت
(قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە بازارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت پونكىتىدىن 839000)

**1. ئىلمىي ئوغۇتلاش:** كۈزلۈك ئوغۇتلاشتا مەھەللىۋى ئوغۇتلاردىن ئىبغىل ـ قوتان ئوغۇتى، توخۇ، كەپتەر مايىقى، ئادەم گەندىسى، دۆۋىلەنمە ئوغۇتلار، كۇنجۇرە، غازاڭ قاتارلىقلار ئاساس قىلىنىدۇ. ئورگانىك ئوغۇتلاردا ھەر خىل ئېلېمېنتلار مول، ئۇنۇم بېرىش ۋاقتى ئۇزۇن بولغاچقا چىلان دەرىخىنىڭ سوغۇققا، قۇرغاقچىلىققا قارشىلىق كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. چىلان مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن دەرەخ يېشىغا قاراپ، دەرەخ غولىدىن 40 ـ 100 سانتىمېتىر يىراقلىقتا، كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى 40 سانتىمېتىرلىق ئۆلچەمدە يېرىم ئاي شەكلىدە، قارىمۇ ـ قارشى شەكىلدە ئورەك قېزىپ، مەھەللىۋى ئوغۇتنى سېلىپ، ئۈستىگە فوسفورلۇق ئوغۇتتىن 200 ـ 600 گىرام، مىكرو مىقدارلىق ئوغۇتتىن 20 ـ 50 گىرام سېلىپ، ئۈستىگە توپا يېپىپ، بىر قېتىم سۇغىرىپ، كېيىن توڭ سېلىش لازىم.

**2. توڭ سۇيىنى ۋاقتىدا:** سېغىزلىق تۇپراقلاردا مۇز قېتىشتىن 30 كۈن ئىلگىرى، ئەت ـ شېغىللىق تۇپراقلاردا 7 ـ 10 كۈن ئىلگىرى توڭ سۇيىنى قۇيۇپ بولۇش كېرەك.

**3. دەرەخ غولىنى ئاقارتىش:** دەرەخ غولىنى ئاقارتىش ئارقىلىق قىش پەسلىدە ئۈششۈكتىن ساقلاش، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتتىن مۇداپىئە كۆرۈش، چارۋىلارنىڭ زىيان سېلىشىدىن ساقلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئاقارتىش سۇيۇقلۇقىنى تەييارلاشتا ھاك 4 ـ 5 كىلوگىرام، گۈڭگۈرت پاراشوكى بىر كىلوگىرام، تۇز 1 ـ 1.5 كىلوگىرام، سۇ ماي ياكى ھايۋانات مېيى 0.2 كىلوگىرام، سۇ 15 كىلوگىرام تەييارلىنىپ ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدۇ، دەرەخ غولىنىڭ 1.2 مېتىر ئېگىزلىكىچە سۈرۈلىدۇ.

**4. يەرنى ئاغدۇرۇش:** باغ يېرىنى ئاغدۇرۇش ئارقىلىق ئوت ـ چۆپنى يوقاتقاندىن باشقا تۇپراقنىڭ فىزىكىلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، قاتماللىقىنى بوشىتىپ، ھاۋا ئۆتۈشۈش ھەم يىلتىزلارنىڭ سۇ، ئوغۇتنى سۈمۈرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، دەرەخ تېنىگە قۇۋۋەت توپلاپ، سوغۇققا چىداملىقىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق. ئورەك قېزىپ ئوغۇتلاشقا قولايسىز بولغان ياكى ياش باغلاردىكى قۇر ئارىسىغا زىرائەتلەرنى كىرىشتۈرۈپ تېرىغان باغلاردا مەھەللىۋى ئوغۇت ھەم خىمىيەۋى ئوغۇتنى تەكشى چېچىپ، 20 ـ 25 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇپ، توڭ سېلىشقا تەييارلاشقا لازىم.

**5. دەرەخ غولىنى ئوراش:** 10 يىلدىن تۆۋەن دەرەخلەرنى سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرلىرى شال پاخلى، قوناق ياكى ئاپتاپپەرەس غولى، قومۇش، تاغار، قېلىنراق يالتىراق ياكى توقۇلما تاغار قاتارلىقلار بىلەن دەرەخ غولىنى يەردىن بىر مېتىر ئېگىزلىككىچە تەكشى ئوراپ، دەرەخ غولىنىڭ مۇزلاپ قېلىشىدىن، چارۋا، چاشقانلارنىڭ زىيان سېلىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش لازىم.

**6. باغنى ئىسلاش:** ھاۋارايى ئالدىن مەلۇماتىغا دىققەت قىلىپ، سوغۇق ئېقىم كىرگەنلىك ياكى ئۈششۈك توغرىسىدا مەلۇمات بولسىلا باغ ئىچى ياكى شامال چىقىدىغان تەرەپكە ھەرە كېپىكى، سامان، پاخال، غازاڭ، قوي مايىقى، ھەرە كېپىكى قاتارلىقلاردىن ھەر مو يەرگە 4 ـ 5 كىچىك دۆۋە تەييارلاپ، ئۈستىنى توپىدا باستۇرۇپ، كېچە سائەت 12 دىن كېيىن ئوت يېقىپ ئىسلىغاندا باغنىڭ تېمپېراتۇرىسى 3℃ ـ 4℃ كۆتۈرۈلۈپ، يەر يۈزىدىكى ئىسسىقلىقنىڭ تارقىلىشىنى ئازايتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن چىلان دەرەخلىرىنى ئۈششۈك زىيىنىدىن ساقلاپ قالىدۇ.

**7. دەرەخ غولىغا توپا يۆلەش:** توڭ سۈيىنى قويۇشتىن ياكى مۇز قېتىشتىن ئىلگىرى، توپىدا كۆمۈشكە مۇۋاپىق كەلگەن ياش دەرەخلەرنى كۆمۈش، كۆمۈشكە مۇمكىن بولمىغان دەرەخلەرنىڭ غولىنى ئوراش ۋە غول

ئەتراپىغا 30 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە توپا يۆلەپ سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا يۆلىگەن توپىنى ئەتراپقا چېچىپ تۈزلەش لازىم.

**8. يەرگە يالتىراق يوپۇق يېپىش:** توك سۈيىدىن ئىلگىرى بىر كىۋادرات مېتىرلىق يالتىراقنى دەرەخ ئەتراپىغا تەكشى ياپقاندا، تۇپراقنىڭ قىش پەسلىدىكى تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىپ، دەرەخ غولى ۋە يىلتىز سىستېمىسى مۇزلاپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇ يەنە ئەتىياز پەسلىدە تۇپراقتىكى مىكرو ئورگانىزىملارنىڭ ھەرىكەتلىنىشىنى ھەم دەرەختە بالدۇر سۇ يۈگۈرۈپ، تولۇق بىخلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە جاراھەتلەرنىڭ بالدۇرراق ساقىيىپ ئەسلىگە كېلىشىگىمۇ پايدىلىق.

**9. باغنى تازىلاش:** مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ تىنچلىنىش مەزگىلىدە چوقۇم باغنى تازىلاش، يەرنى باغ ئىچىدىكى كېسەل تەگكەن ۋە قۇرىغان شاخلارنى كېسىش، غازاڭ، ئوت - چۆپ، يەرگە چۈشكەن كېسەللەنگەن مېۋىلەر، ھەم يالتىراق پارچىسى قاتارلىق كېرەكسىز نەرسىلەرنى سۈپۈرۈپ بىر يەرگە توپلاپ كۆيدۈرۈش ئارقىلىق، قىشلايدىغان ھاشارات ۋە ئۇنىڭ تۇخۇم ھەم قورچاقلىرىنى تولۇق يوقىتىپ، كېسەللىك، ھاشارات يامراپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**10. ئوت - چۆپ يېپىش:** باغ يېرىگە توك سېلىپ مۇز قاتقاندىن كېيىن، شال پاخلى، مەنگەن، قومۇش ياكى شاخ - شۇمبا قاتارلىقلار بىلەن باغ يېرىنى يېپىپ، ئۈستىنى توپىدا باستۇرۇپ قويسا تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى نورمال ساقلاپ، چىلان دەرىخى مۇزلاپ زىيانغا ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ياكى زىياننى يېنىكلىتىدۇ.

**11. قارنى تازىلاش:** قار يېغىپ توختىغان ھامان دەرەخنى يېنىك سىلكىش ياكى خادا بىلەن يېنىك ئۇرۇپ شاخ ئۈستىدىكى قارلارنى چۈشۈرۈۋېتىش، دەرەخ تۈۋىدىكى قارلارنىمۇ ۋاقتىدا تازىلاپ، دەرەخ قوۋزىقى يېرىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش لازىم. چۈنكى قار يۈزىنىڭ

## قوۋزاق قىرىش ئارقىلىق قېرى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۇسۇلى

رەھمىتۇللا ئابدۇۋەلى ئاينۇر قاھار ئاتىكەم ئىسمائىل
(توقسۇ ناھىيە ئىچئىرىق يېزا پايىس مەدەنىيەت مەركىزىدىن 842100)

مېۋىلىك باغنى يېڭىلاشقا ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ. ئەمما ئىلمىي پەرۋىش قىلغاندا قېرى مېۋىلىك دەرەخنى ياشارتىپ، ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. قوۋزاق قىرىش قېرى مېۋىلىك دەرەخنى ياشارتىشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل.

**1. قوۋزاق قىرىش ئۇسۇلى:** 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 3 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە مېۋىلىك دەرەخ غولىنىڭ كونا، يېرىلغان قوۋزىقى قىرىۋېتىلىدۇ. قوۋزاق قىرغاندىن كېيىن دەرەخنى دەرھال ئاقارتىپ، ئۆششۈكتىن، ھايۋانلارنىڭ غاجىلىۋېتىشىدىن، زىيانلىق ھاشاراتلارنىڭ زىيان سېلىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش كېرەك.

---

تېمپېراتۇرىسى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىغا قارىغاندا 4℃ ـ 6℃ تۆۋەن بولغاچقا، دەرەخ غولى ئاسانلا مۇزلاپ، دەرخ قوۋزىقى يېرىلىپ، سېسىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**12. شاخ رەتلەشنى كەينىگە سۈرۈش:** رايونىمىزدا قىشتا ھاۋا قاتتىق سوغۇق بولىدىغان بولغاچقا، شىمالىي ۋە شەرقىي شىنجاڭ رايونلىرىدا كۆز ياكى قىشتا شاخ رەتلىسە كېسىلگەن ئورۇن قىشتىكى سوغۇق تەسىرىگە ئۇچراپ ئاسانلا ئۆششۈپ قېلىش، جاراھەت بولۇش، كېسەل يۇقۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. شۇڭا بۇ رايونلار قىشلىق چاتاشنى ئەتىيازلىققا مۇۋاپىق پەيتتە ئېلىپ بېرىش لازىم. قاتتىق سوغۇق بولغان يىللىرى چىلان دەرىخىنى بەك بالدۇر چاتىماي، كۆكلەش ئەھۋالىغا قاراپ كېيىنرەك چاتاش، مېۋە شاخلىرىنى كۆپرەك قالدۇرۇپ، دەرەخ شەكلىنى تەڭشەش، يېنىك چاتاپ جاراھەت ئورنىنى ئازلىتىش، پالتا ياكى ھەرىدە كەسكەن يارا ئاغزىغا يېمەكلىك مېيى ياكى ئاق سىر سۈرۈپ، كېسەل يۇقۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. (02)

# دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

بېكمىرات قىدىرخان
(قورغاس ناھىيە 64 ـ تۇەن، دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق بۆلۈمىدىن)

ئوخشىمىغان دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئالدىنى ئېلىش، توختىتىش ئوبيېكتى، ئىشلىتىلىش ئۆلچىمى قاتارلىق مۇھىم نۇقتىلارنى ئەتراپلىق ئىگىلەش ئىنتايىن مۇھىم. بۇنىڭدا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان دورا تۈرلىرىنى مۇۋاپىق ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە، شۇ تۈردىكى دورىلارنىڭ ئۈنۈمىنى ھەسسىلەپ يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولسىمۇ، لېكىن خۇسۇسىيىتى ئوخشىمايدىغان، ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە ماس كەلمەيدىغان دورىلارنى قالايمىقان ئارىلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

1. دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ تۈرلىرىگە ئاساسەن توغرا تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. ھەر خىل دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ بەلگىلىك دائىرىدە ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئوبيېكتى بولىدۇ. زىيانلىق ھاشاراتلارنى يوقىـ

---

2. **قىرىلغان قوۋزاقلارنى بىر تەرەپ قىلىش:** كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش ئۈچۈن، قىرىۋېتىلگەن قوۋزاقلارنى يىغىپ كۆيدۈرۈش كېرەك. زىيانلىق ھاشاراتلار ئادەتتە قوۋزاق يوچۇقلىرىدا قىشلايدۇ. ئەتىيازدا ھەرىكەت قىلىش ۋاقتى باشقا ھاشاراتلارنىڭكىدىن بالدۇرراق بولىدۇ. شۇڭا قىرىۋېتىلگەن قوۋزاقلارنى ۋاقتىدا كۆيدۈرۈش كېرەك.

3. **پەرۋىشنى كۈچەيتىش:** قوۋزاق قىرىۋېتىلگەندىن كېيىن مېۋىلىك دەرەخ كۆپ مىقداردىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. شۇڭا مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ قوۋزىقىنى قىرغاندىن كېيىن ئادەتتىكى ئوغۇتلاشتىن باشقا، بىر قېتىم مېۋە ساقلاش ئوغۇتى بېرىش ھەم يېتەرلىك مەھەللىۋى ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش، سۇغىرىش كېرەك. (02)

تىشقا قارىتىلغان دورىلار زىرائەتلەردىكى كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان باكتېرىيە ۋە ۋىرۇسلارنى تورمۇزلايدۇ ھەم ئۆلتۈرىدۇ. ئېتىزلاردىكى ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىشقا قارىتىلغان دورىلار مەخسۇس ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىدۇ. چاشقان يوقىتىشقا قارىتىلغان دورىلار چاشقاننى ئۆلتۈرىدۇ. بىر خىل دورىنى پىششىقلاپ ئىشلەش تولىمۇ ئوخشاش بولمىسا، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش ئۈنۈمىمۇ بىردەك بولمايدۇ. ئادەتتە مايلىق دورىلار بىلەن سۇتسىمان دورىلارنىڭ ئۈنۈمى پاراشوك دورىدىن ياخشى بولغاندىن سىرت، دورا قالدۇقىنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرسىتىش ۋاقتىمۇ بىرقەدەر ئۇزاقراق بولىدۇ.

2. دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىش ئۆلچىمى بىلەن سۈيۈلدۈرۈش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئادەتتە دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش قويۇقلۇقى، ئىشلىتىش قېتىم سانى، مو بېشىغا چېچىلىدىغان دورا مىقدارى قاتارلىقلار ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۆلچىمى مۇۋاپىق بولۇش، بىراق قانچە كۆپ، قانچە قويۇق بولسا ئۈنۈمى شۇنچە ياخشى دەپ قارىماسلىق لازىم. ئەگەر دورىنىڭ قويۇقلۇقى يۇقىرى، ئىشلىتىلىش قېتىم سانى كۆپ، مو بېشىغا چېچىلىدىغان دورا مىقدارى ئۆلچەمدىن ئارتۇق بولسا، ئەكسىچە زىرائەتلەرگە ۋە تۇپراقتىكى مىكرو ئورگانىزملارغا زىيان يەتكۈزىدۇ ـ دە، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، ئېغىر بولغاندا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇلغاپ، ئادەم ۋە چارۋا ـ ماللارنى زەھەرلەيدۇ. لېكىن، دورا قويۇقلۇقى ئۆلچەمدىن تۆۋەن بولسا، كېسەللىك باكتېرىيەلىرى بىلەن زىيانلىق ھاشاراتلار ۋە ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن دورا ۋە ئەمگەك كۈچ ئىسراپ بولىدۇ.

3. ئوخشىمىغان دېھقانچىلىق دورىلىرىنى مۇۋاپىق ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلە-

لىتىش كېرەك. خۇسۇسىيىتى يېقىنراق، بىرىنىڭ رولىغا يەنە بىرى تە-
سىر قىلمايدىغان دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە، بە-
رىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن بىرىنىڭ كەمچىللىكىنى تولۇقلىغىلى،
كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلار ۋە ئوت ـ چۆپلەرنىڭ دورىغا ماسلىشىۋې-
لىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىشقا، دورا ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا، دورىنىڭ
ئىشلىتىش قېتىم سانىنى ئازايتىشقا ھەم دورىلارنىڭ زىرائەتلەرگە زىيان
سېلىشىنى يەڭگىللىتىشكە بولىدۇ. دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇشتا خالىغان تۈ-
رىنى قالايمىقان ئارىلاشتۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى، دورىلارنىڭ فى-
زىكىلىق، خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتى ئۆزئارا ئوخشىمىغاچقا، دورىلار بىرى-
نى بىرى بۇزۇپ، ئۈنۈمىنى يوقىتىدۇ ياكى زەھەرچانلىقى ئېشىپ كېتىدۇ.
دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى مۇنۇ
ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن سىناپ كۆرۈش لازىم. ① ئوخشىمىغان دورىلار-
نى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن فىزىكىلىق، خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتىدە
ئۆزگىرىش بولماسلىقى كېرەك. ئادەتتە ئوخشىمىغان دورىلارنى ئارىلاش-
تۇرغاندىن كېيىن چۆكمە ھاسىل بولمىسا، ئېرىپ بۇزۇلمىسا ئېرىتمە بى-
لەن چۆكمە ئىككىگە بۆلۈنمىسە ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بۇ-
نىڭدىن سىرت، دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە زىرائەتلەرگە زىيان
يەتكۈزمەيدىغان بولۇش كېرەك. ئوخشىمىغان دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىش-
لەتكەندە زىرائەتلەرنىڭ غول، يوپۇرماقلىرىدا ئۆزگىرىش كۆرۈلسە، مەسى-
لەن، سارغىيىش، سولىشىش، قۇرۇش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلسە، ئا-
رىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى مەزكۇر جايدىكى تېخنىك
خادىملاردىن مەسلىھەت سوراش ياكى دورا چۈشەندۈرمىسى بويىچە مۇۋاپىق
ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. (05)

# هاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

بۇزەينەپ ئېلى

(خوتەن شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن)

1. هاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسى ئۆچۈرۈلمىگەن هاك، يۇمشاق گۈڭگۈرت پاراشوكى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ، ئۇنى تەييارلاشتا چوقۇم ئۆلچەم بويىچە سۇ قوشۇپ، تەرتىپ بويىچە تەييارلاپ ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

2. بۇ خىل بىرىكمىنى كەچ كۈزدە مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئىشلەتسە، بىر تەرەپتىن چارۋىلارنىڭ غاجىلاپ زەخىملەندۈرۈشىدىن ساقلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر خىل زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىدىن ساقلايدۇ.

3. هاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى مېۋىلىك دەرەخلەرگە كەچ كۈزدە ۋە ئەتىيازدا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 4℃ تىن تۆۋەن چاغدا ئىشلىتىش، تېمپېراتۇرا يۇقىرى چاغدا قەتئىي ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

4. هاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسى ئىشقارلىق دېھقانچىلىق دورىسى بولۇپ، بۇ خىل سۇيۇقلۇقنى يەككە ئىشلەتكەندە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

5. هاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى چاچقاندا شامالسىز، ھاۋا سالقىن، ئوچۇق كۈنلەرنى تاللاپ، تەلەپ بويىچە تەكشى چېچىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

6. هاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى مېۋىلىك دەرەخلەردىكى ئاق توزان كېسەللى، قاسراقلىق قۇرت، قىزىل ئۆمۈچۈك قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، يوقىتىشتا نۇقتىلىق ئىشلەتسىمۇ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

7. هاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى دەرەخلەرنىڭ تىنچلىنىش مەزگىلىدە قويۇقلۇقنى يۇقىرىراق قىلىش، تېمپېراتۇرا نىسبەتەن يۇقىرى، دەل ـ دەرەخلەر ئۆسۈۋاتقاندا قويۇقلۇقنى مۇۋاپىق تۆۋەن قىلىپ تەڭشەپ ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

8. هاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسى مېۋىلىك دەرەخ ۋە باشقا تۈردىكى دەرەخلەرنى دېزىنفېكسىيە قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان، تەييارلاش ئاددىي، ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى، قوڭۇر رەڭلىك، كۈچلۈك ئىشقارلىق بولۇپ، سېسىق

# يۇلغۇندىن قەلەمچە تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش ئۇسۇلى

ئاينىسا ئابلىز
(چەرچەن ناھىيەلىك قۇم تىزگىنلەش پونكىتىدىن 841900)

يۇلغۇننى قەلەمچە تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشتا نوتىنىڭ دىيامېتىرى بىر سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇشى، ساغلام شاخلارنى تاللاپ 30 ـ 40 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا قەلەمچە تەييارلاپ، 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى نوتا بىخلىنىشتىن بۇرۇن كېسىۋېلىپ بىۋاسىتە تىكسىمۇ بولىدۇ. قەلەمچە تەييارلاش ئۇسۇلى مۇنداق: قەلەمچىنى ئەتىياز پەسلىدە كېسىلگەن ئەسلىي شاختىن كېسىپ تەييارلاپ، ھەر 100 تالنى بىر باغلام قىلىپ، مۇزخانىدا ياكى قاردا كۆمۈپ، تاكى قەلەمچىنى ئىشلەتكەنگە قەدەر ساقلاش كېرەك. تىكىلىدىغان قەلەمچىنى تىكىشتىن بۇرۇن سۇزۇك سۇغا بىر سوتكا

---

تۇخۇم پۇرايدۇ. بولۇپمۇ مېۋىلىك دەرەخلەردىكى يوپۇرماق كانىسى، قاسراقلىق قۇرت ۋە ھەر خىل ھاشارات تۇخۇملىرىنى يوقىتىدۇ.

9. يېنىك، ئاق، قاتتىق ھالەتتىكى ھاك تېشىنى تاللاپ، گۈڭگۈرت پاراشوكىنىڭ يۇمشىقىنى تاللاپ، تۆمۈر قازاندا قاينىتىپ تەييارلاش كېرەك.

10. ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى قايناتقاندا سۇنى 10%، ھاكنى 2%، گۈڭگۈرتنى 1% قىلىپ تەييارلاپ، ئالدى بىلەن تۆمۈر قازانغا يېتەرلىك سۇ قۇيۇپ ئىسسىتىپ، ئاندىن ئۆچۈرۈلمىگەن ھاك قازانغا قۇيۇلۇپ قاينىتىلىدۇ. تەييارلانغان گۈڭگۈرتنى سۇيۇق ئۇماچ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قازانغا قويۇپ، توختىماستىن ئارىلاشتۇرۇپ، خورىغان سۇنى قايناقسۇ قۇيۇش ئارقىلىق داۋاملىق تولۇقلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك. ئادەتتە كۆچلۈك ئوتتا 40 ـ 60 مىنۇت قاينىتىپ، بىرىكمە سۇيۇقلۇقىنىڭ رەڭگى سارغۇچ يېشىلغا ئۆزگەرگەندە قىزدۇرۇشنى توختىتىش، سوۋۇغاندىن كېيىن داشقاللارنى سۈزۈۋېتىپ ئىشلىتىش كېرەك. بۇ خىل ھاك ـ گۈڭگۈرت ئېرىتمىسىنى ئەڭ ياخشىسى ئۇدۇللۇق تەييارلاپ ئىشلەتكەندە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. (05)

چىلاپ، سۇغا تويۇنغاندىن كېيىن تىكسە تۇتۇش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ، قەلەمچە تىككەندە يەرنى ياخشى تاللاپ، قۇر ئارىلىقىنى 1 ـ 1.5 مېتىر، تۈپ ئارىلىقىنى 0.2 ـ 0.3 مېتىر، يانتۇلۇقىنى 45 گىرادۇس قىلىپ كۆمۈش، كۆمۈلگەن قەلەمچىنىڭ ئىنچىكە ئۇچىنى يەر يۈزىدىن 2 ـ 3 تال بىخ چىقىرىپ تىكىش لازىم. يۇلغۇننى ئۆسۈش مەزگىلىدە 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىم 300 ـ 400 كۆپ مېتىر سۇ بىلەن سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يۇلغۇننى كۈزدە قەلەمچە قىلىپ تىككەندە كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا باراقسان ئۆسەلەيدۇ، قەلەمچىنىڭ ئەي بولۇش ۋە ئۆسۈشكە تۇپراق نەملىكى 85% ـ 95% بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئۆسۈش مەزگىلىدىكى تۇپراقنىڭ ئەڭ يۇقىرى سۇ ساقلاش نىسبىتى 65% ـ 85% بولسا بولىدۇ، تۇپراق نەملىكى 95% تىن ئاشقاندا قەلەمچىنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى تۆۋەنلەيدۇ ھەمدە ئۆسۈشى چەكلىنىدۇ، قەلەمچىنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنى ئاشۇرۇپ، تىمەن ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئالدىنقى يېرىم يىلدا تۇپراق نەملىكىنى 85% تە كونترول قىلىش كېرەك، كېيىنكى يېرىم يىلغا كەلگەندە تۇپراق نەملىكىنى 65% كە چۈشۈرۈش لازىم. تېمپېراتۇرىمۇ قەلەمچىنىڭ ياخشى كۆكلەش ياكى كۆكلىيەلمەسلىكىگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئادەتتە 5 ـ 10 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراقنىڭ تېمپېراتۇرىسى 20℃ ـ 25℃ بولسا قەلەمچىنىڭ يىلتىز تارتىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئەگەر تۇپراق تېمپېراتۇرىسى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىدىن سەل يۇقىرى بولسا قەلەمچىنىڭ يىلتىزلىشىغا تېخىمۇ پايدىلىق بولىدۇ. ئەگەر ھاۋا تېمپېراتۇرىسى تۇپراق تېمپېراتۇرىسىدىن يۇقىرى بولسا، قەلەمچە ئېغىر دەرىجىدە سۇسىزلىنىپ سارغىيىپ قۇرۇپ نابۇت بولىدۇ.

**ئوغۇتلاش ئۇسۇلى:** قەلەمچە تىكىپ مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن، يۇلغۇن

# ئورماننىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشتىكى رولى

گۈلخان مۇھەممەتروزى
(ئاقچى ناھىيەلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىدىن 845350)

ئورمان ــ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ غايەت زور يې- شىللىق غەزىنىسىدۇر. ئېكولوگىيە ۋە مۇھىت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئورمان يەر شارىنىڭ ئۆپكىسى، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ تىرىكى، ھاياتلىقنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىقى ھېسابلىنىدۇ.

ئورمان فوتوسىنتېز رولى ئارقىلىق ھاۋادىكى كاربون تۆت ئوكسىد ۋە ئوكسىگېننىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىغاندىن باشقا، سۇ مەنبەسىنى ئاسراپ، سۇ، تۇپراق ئېقىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئىستاتىستىكىلىق مەلۇ-

---

كۆچىتى 30 سانتىمېتىر ئۆسكەندە تۇپراقنى يۇمشىتىپ، ئوت - چۆپ يو- قىتىپ، سۇغىرىشنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، كۆچەتنىڭ تېز ئۆسۈشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. كېيىنكى يىلى كۆچەت 40 - 60 سانتىمېتىر ئۆسكەندە، يەنى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنلىرى سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ 1 - قېتىملىق قوشۇمچە ئوغۇتلاش، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر مو يەرگە 10 كىلوگىرام ئورىيانى قەلەمچە تۈۋىگە تەكشى چېچىپ ئاندىن سۇغىرىش لازىم. 2 - قې- تىملىق ئوغۇتلاشنى 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئەتراپىدا ھەر مو يەرگە 12 كىلوگىرام ئورىيا بىلەن بەش كىلوگىرام فوسفورلۇق ئوغۇتنى ئارىلاشتۇ- رۇپ، كۆچەت تۈۋىگە كۆمۈپ، ئىككى قېتىم ئارقىمۇ - ئارقا سۇغىرىش لازىم. قەلەمچىنىڭ يىلتىز سىستېمىسى ئوبدان تەرەققىي قىلدۇرۇلغانلا بول- سا، بىر يىللىق كۆچەتنىڭ ئېگىزلىكى 1.2 مېتىرغا، ئەڭ ئېگىز ئۆسكەن- لىرىنىڭ 2.8 مېتىرغا يېتىپ، ئۇرۇقتىن يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەتلەرگە قارىغاندا ئۆسۈشى تېز بولىدۇ ھەمدە زور مىقداردىكى مەبلەغنى تېجەپ، كۆچەت يېتىشتۈرۈش ۋاقتىنى قىسقارتقىلى بولىدۇ. (05)

ماتلارغا قارىغاندا، ئورمانسىز يەرگە قارىغاندا ئورمان يېرىنىڭ ھەر موسى 20 كۇب مېتىردىن كۆپرەك سۇنى ئارتۇق ساقلايدۇ. 100 مىڭ مو ئورماننىڭ ساقلايدىغان سۇ مىقدارى سىغىمى ئىككى مىليون كۇب مېتىر كېلىدىغان بىر سۇ ئامبىرى ساقلىغان سۇغا باراۋەر كېلىدۇ. بىر مو ئورمان ھەر كۈنى 67 كىلوگىرام كاربون تۆت ئوكسىدى سۈمۈرۈپ، 49 كىلوگىرام ئوكسىگېن چىقىرىدۇ، بۇ 65 مىڭ ئادەمنىڭ نەپەسلىنىشىگە يېتىدۇ. بىر مو ئورمان ھەر ئايدا تۆت كىلوگىرام گۈڭگۈرت تۆت ئوكسىدى سۈمۈرىدۇ، بۇ بىر دانە باكتېرىيە ئۆلتۈرگۈچى دورا ئىشلەپچىقىرىش ماشىنىسىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. بىر مو ئورمان بىر يىلدا 22 ـ 60 توننا چاڭ ـ توزاننى سۈمۈرىدىغان بولغاچقا، تەبىئىي چاڭ ـ توزان سۈمۈرگۈچ ھېسابلىنىدۇ. بىر مو كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمان بىر يىلدا 300 توننا سۇنى پارغا ئايلاندۇرىدۇ، شۇڭا ئورمانچىلىق رايونلىرىدا ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولىدۇ. بىر مو يەردىكى ئىھاتە ئورمانلىق 100 مودىن ئارتۇق ئېتىز ـ ئېرىقنى بوران ئاپىتىدىن ساقلىسا، بىر مو ئورمانلىق قاقاس يەرگە قارىغاندا 20 مىڭ كىلوگىرام سۇنى كۆپ ساقلايدۇ، بۇ بىر دانە يەر ئاستى كۆلچەككە باراۋەر كېلىدۇ. بىر مو ئورمانلىق ھەر يىلى بىر كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيالى يېتىشتۈرۈپ بەرگەندىن سىرت يەنە، نۇرغۇن سانائەت خام ئەشياسى، يېقىلغۇ، يەم ـ خەشەك قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئورماننىڭ يەنە مۇھىتنى پاكىزلاش، ئىس ـ تۈتەكنى تازىلاش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بار.

دېمەك، ئورمان بولغاچقىلا مۇھىت گۈزەل، كائىنات كۆركەم، ھاياتلىق ساغلام بولىدۇ. شۇڭا ئورماننىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ياخشىلاش، ھاياتلىقنى ساغلاملاشتۇرۇشتىكى رولىنى چۈشىنىشكە يەنىمۇ كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. (05)

# تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھمىيىتى

نۇردۇن ئوسمان
(قومۇل شەھىرى بولۇڭتوغراق يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 839000)

1. تېجەپ سۇغىرىش، پۈركۈپ سۇغىرىش قاتارلىق يۇقىرى ئۈنۈملۈك، تېخنىكىلىق سۇغىرىش قۇرۇلۇشلىرىنىڭ يىلدىن ـ يىلغا ئېشىشى ھەمدە ئۆلچەملەشكەن، كۆلەملىك سۇغىرىشتەك ئادەتتىكى سۇ تېجەپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئومۇملىشىشى، سۇغىرىش ئۇسۇلىنىڭ توغرا بولماسلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان سۇ، تۇپراق، ئوغۇتنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى ئازايتىپ، سۇغىرىشنىڭ تەكشىلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تۇپراقتىكى ئېنېرگىيە، ئوغۇت، ھاۋا ۋە مىكرو جانلىقلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئۈنۈملۈك تەڭشەپ، تۇپراقنى مۇنبەتلەشتۈرۈپ، زىرائەت يىلتىز قىسمىنىڭ ئوزۇقلۇق ماددىلارنى تولۇق سۈمۈرۈشىگە پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

2. تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى سۇنىڭ سىڭىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان زىياننى ئازايتىپ، تېرىلغۇ يەرنىڭ يەر ئاستى سۇ ئورنىنى تۆۋەنلىتىپ، سۇسىزلىنىش ئەھۋالىنى ياخشىلاپ، مەھسۇلات ئېشىشىنى تېزلىتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۇرمۇش سەۋىيىسىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

3. تېمىتىپ، پۈركۈپ سۇغىرىش قاتارلىق يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى ئىشنى ئازايتىپ، ئەمگەك كۈچىنى تېجەشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

4. بۇ خىل قۇرۇلۇش دېھقانلارنى قاتمال يەر سۇغىرىش ئەمگىكىدىن ئازاد قىلىپ، ئەمگەك مىقدارىنى ئازايتىپ، زىيادە چارچاشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ھەمدە دېھقانلارنىڭ ئېغىر ئەمگەكتىن كېلىپ چىققان ھەر خىل كېسەللەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ. (05)

## بىخەتەر ئىچىملىك سۇ بىلەن تەمىنلەشتە ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلى

تۇرسۇنگۈل ئەبەيدۇللا
(ئاتۇش شەھەرلىك سۇ ئىدارىسىدىن 845350)

**1. ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر:** (1) ئىچىملىك سۇ سۈپىتى ئۆلچەمگە يەتمەسلىك ئەھۋالى مەۋجۇت. ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئىچىملىك سۇ سۈپىتىدىكى ئاساسلىق مەسىلە ــ سۇ تەركىبىدىكى ئارسېن، فىتور، تۇز مىقدارى ئۆلچەمدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇ سۇنى ئىچىدىغانلار 100 مىڭ كىشىدىن ئاشىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا سۇ مەنبەسىنىڭ بۇلغىنىشىمۇ ئېغىر بولۇپ، ئاساسلىقى چارۋا ـ مال ۋە تۇرمۇش چىقىرىندىلىرى، خىمىيەلىك ئوغۇت ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرىدىن بۇلغىنىش بىرقەدەر ئېغىر بولۇۋاتىدۇ؛ (2) سۇ مەنبەسىگە كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى تۆۋەن. ئاتۇش شەھىرى يېرىم تاغلىق، چەت، نامرات رايون بولغاچقا، قاتنىشى قولايسىز، ئاھالىسى تارقاق ئورۇنلاشقان، كەنت ئەتراپىدا پاكىز ئىچىملىك سۇ مەنبەسى يوق، ھازىر شەھەر بويىچە بىخەتەر ئىچىملىك سۇ كاپالىتىگە ئىگە بولمىغان نوپۇس 2.1% گە يېتىدۇ؛ (3) ئاممىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا كېتەرلىك سۇ مىقدارى يېتەرلىك ئەمەس. خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك سۇ ئىشلىتىش مىقدارى 20 لىتىردىن تۆۋەن، ئاساسلىقى چەت، نامرات يېزا ـ كەنتلەرگە ئورۇنلاشقانلار بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 3.2% نى ئىگىلەيدۇ؛ (4) ئاممىنىڭ سۇ ئىچىشى قولايسىز. ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئايرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىچىملىك سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاھالە نىسبەتەن تارقاق، يەنە كېلىپ ئايرىم چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشى خالىماسلىقى سەۋەبلىك، قاراجول، تۇگۈرمىتى قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىلارنىڭ 60% دىن كۆپرەكى بىرقېتىملىق سۇ ئەكېلىشكە 15 مىنۇت ئەتراپىدا ۋاقىت كېتىدۇ.

**2. يېزىلاردا ئىچىملىك سۇ بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى:** يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىچىملىك سۇ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ــ ئاھالىلارنىڭ ساغلاملىقى ۋە نورمال تۇرمۇشىغا، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم خىزمەت، شۇنداقلا يېزا سۇ قۇرۇلۇشىدىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم ھەم ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە. ھازىر ئاتۇش شەھىرىدە يېزا ئىچىملىك سۇ بىخەتەرلىك ئۆلچىمىگە يەتمەيدىغان نوپۇس 100 مىڭدىن ئاشىدۇ، بۇ يېزا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ

53.6% نى ئىگىلەيدۇ. ھازىرغىچە ئىچىملىك سۇنىڭ بىخەتەر بولماسلىقى سەۋەبلىك تۇرلۇك يەرلىك ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا، نۆۋەتتە يېزىلاردا ئىچىملىك سۇنىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش رېئال جىددىي مەسىلە بولۇپ قالدى.

**3. ھەل قىلىش تەدبىرلىرى:** (1) بىر تۇتاش پىلانلاپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۇرۇش كېرەك. دۆلەت، ئاپتونوم رايون ۋە ئوبلاستىمىزنىڭ سۇ ئىشلىرى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات يولى، «12 ـ بەش يىللىق» تەرەققىيات پىلانى پىروگراممىسى ۋە يېزىلارنى ئىچىملىك سۇ بىلەن تەمىنلەش تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «ئاۋۋال جىددىي ھەم مۇھىملىرىنى، ئاندىن قالغانلىرىنى ئىشلەش، مۇھىم نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۈرۈش، قەدەم ـ باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش» پىرىنسىپى بويىچە، باسقۇچلۇق نىشاننى بېكىتىشى لازىم. مېنىڭچە نۆۋەتتە ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئىچىملىك سۇ تەركىبىدە ئارسېن مىقدارىنىڭ ئېشىپ كېتىش مەسىلىسى ۋە سۇ سۈپىتى مەسىلىسىنى، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئەسلىھەسى مۇكەممەل بولماسلىق، سۇ ئىشلىتىش قولايسىز بولۇش، پەسىل خاراكتېرلىك سۇ كەمچىل بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ھەل قىلىش كېرەك؛ (2) سۇ مەنبەيىنى قوغداش بىلەن سۇ سۈپىتىنى ساپلاشتۇرۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، مۇداپىئە بىلەن تىزگىنلەشنى تەڭ تۇتۇش كېرەك. ئىچىملىك سۇ بىخەتەرلىكىگە كاپالەت قىلىشتا، ئالدى بىلەن ئىچىملىك سۇ مەنبەيىنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. «ئىچىملىك سۇ مەنبەسى مۇھاپىزەت رايونى بۆلگىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» نىڭ تەلىپى بويىچە، شەھىرىمىزنىڭ سۇ مەنبەسى مۇھاپىزەت رايونىنى بەلگىلەپ، سۇ مەنبەلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتىنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قوغداش رايونى ئەتراپىنى قاشالاش، ھايۋانات ۋە تۇرمۇش ئەخلەتلىرىدىن خالىي قىلىش قاتارلىق ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىچىملىك سۇ مەنبەلىرىنى ياخشى قوغداش ھەمدە زۆرۈر بولغان سۇ تازىلاش ئەسلىھەلىرىنى ئورنىتىپ، ئىجتىمائىيلاشقان سۇ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك؛ (3) ئاكتىپ يېتەكلەش، كۆپ خىل يوللار بىلەن مەبلەغ جۇغلاش كېرەك. مۇۋاپىق ئامال ـ چارىلەرنى قوللىنىپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق مەبلەغ

ھەل قىلىپ، شەھەر-يېزىلارنىڭ بىخەتەر سۇ ئىشلىتىش قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلىشىغا ئاساس يارىتىش كېرەك. يەنى دۆلەت ۋە يەرلىك مالىيەنىڭ مەبلەغنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەنپەئەتدار ئامما بىر قىسىم مەبلەغ ۋە ئەمگەك كۆچى چىقىرىپ ھەل قىلىش كېرەك. مەبلەغ باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ھالقىسىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىچىملىك سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ (4) سۈپەت نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، قۇرۇلۇشتىن بالدۇرراق پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. قۇرۇلۇش قىلغاندا ئاشكارا خېرىدار چاقىرىش يولى ئارقىلىق قۇرۇلۇش قىلىش ۋە قۇرۇلۇشقا نازارەتچىلىك قىلىشنى سالاھىيىتى توشىدىغان ئورۇنلارغا ھۆددىگە بېرىش لازىم. قۇرۇلۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن چوقۇم قۇرۇلۇش تەشكىللەش لايىھەسىنى تۈزۈش، سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش، قۇرۇلۇش سۈپەت مەسئۇلى بىلەن قۇرۇلۇش بىخەتەرلىك مەسئۇلىنى بېكىتىش، قۇرۇلۇش قىلىش ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى ئالغاندىن كېيىن ئىش باشلاش كېرەك. قۇرۇلۇش داۋامىدا سۈپەت تەكشۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، قاتلاممۇ قاتلام باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، قۇرۇلۇشنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئۈنۈمگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يېزا ئىچىملىك سۇ بىخەتەرلىك مەسىلىسى ئىچىملىك سۇ قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى، شۇنداقلا ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق خىزمەت، شۇڭا ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقنى چىقىش قىلىپ، ئىلمىي پىلانلاپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، يېزا ئىچىملىك سۇ بىخەتەرلىك قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇشتا كەسىپ بويىچە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە تېخنىكىلىق يېتىشتۈرۈشنى پائال كۈچەيتىپ، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيىتى تۈزۈمىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېزىلاردىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش خادىملىرىنى يېزىلارغا چۆكۈپ، سۇچىلىققا ئائىت قانۇن ـ نىزاملارنى تەشۋىق قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، سۇ بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ۋە قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. (05)

# قىشتا گۆش توخۇسىنى بېقىپ باشقۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

ياسىن تۇرسۇن
(ئونسۇ ناھىيەلىك چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 843100)

قىش پەسلى گۆش توخۇسىغا بولغان بېقىپ - باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش — توخۇلارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنى ۋە باقمىچىلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاساسى. شۇڭا باقمىچى ئائىلىلەردە قىش پەسلى گۆش توخۇسى بېقىشتا، تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ:

**1. تېمپېراتۇرا:** قىش پەسلى ھاۋا سوغۇق بولغانلىقتىن كاتەك بىلەن سىرتقى تېمپېراتۇرا پەرقى بىرقەدەر چوڭ بولۇپ، توخۇ ئۆزى ئېھتىياجلىق بولىدىغان تېمپېراتۇرىغا قارىتا پەرق كېلىپ چىقىدۇ، شۇڭا قىش پەسلى بېقىش تېمپېراتۇرىسىنى باشقا پەسىللەرگە قارىغاندا 1℃ - 2℃ يۇقىرى قىلىپ تەڭشەش كېرەك. يەنى، قىش پەسلىنىڭ بىرىنچى ھەپتىسى كاتەك تېمپېراتۇرىسىنى 36℃ - 39℃ قىلىپ تەڭشەش، ئىككىنچى ھەپتىسى 34℃ - 36℃ قىلىپ تەڭشەش، كېيىن ھەر ھەپتىدە 2℃ - 3℃ تۆۋەنلىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا سېتىپ چىقىرىلىش ۋاقتىدىكى تېمپېرا-تۇرىنى 21℃ تا كونترول قىلىش كېرەك. چۆجە كىرگۈزۈشتىن بۇرۇن چۆجىخانىنى ئالدىن بىرنەچچە كۈن ئىسسىتىش كېرەك. كاتەك تېم-پېراتۇرىسىنى نورمال ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، زۆرۈرىيىتى بولمىغان شامال ئۆتۈشۈش تۆشۈكلىرىنى ئىمكانقەدەر ئازايتىپ، سوغۇق ھاۋانىڭ تەسىرىنى كىچىكلىتىش كېرەك.

**2. ھاۋا ئالماشتۇرۇش:** قىش پەسلى كاتەكنىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇ-رۇش بىلەن ئىسسىقلىقنى ساقلاش ئۆزئارا زىددىيەتلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا توخۇخانىنىڭ تۇڭلۇك، گاز چىقىرىش تۆشۈكى ئارقىلىق ئاممىياك گازى،

ھىدرو سولفىد گازى قاتارلىق زەھەرلىك گازلارنى ۋاقتىدا چىقىرىش، كۆن-گەي تەرەپتىكى دېرىزىنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇش كېرەك. سىرتقى مۇ-ھىت تېمپېراتۇرىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ۋە كاتەك ئىچىدىكى ھاۋا سۈپىتىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ئېچىۋېتىلىدىغان دېرىزە كۆزنىكىنىڭ سانى ۋە ھاۋا ئالماشتۇرۇش ۋاقتىنى بېكىتسە بولىدۇ. ماياقنى تازىلاش قېتىم سانىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بېكىتىش، تازىلاشقا توغرا كەلسە كۈندۈزى چۈش ۋاقتى سائەت بىرلەردە تازىلاش، ھاۋا ئالماشتۇرۇپ زەھەرلىك گازلارنى ۋاقتىدا چىقىرىۋېتىش كېرەك.

**3. ئېنېرگىيە تولۇقلاش:** قىش پەسلى گۆش توخۇ چۈجىسىنىڭ ئې-نېرگىيەگە بولغان تەلىپى بىرقەدەر يۇقىرى بولىدۇ، شۇڭا قىش پەسلىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە توخۇلارنىڭ ئوزۇقلۇقىغا مۇۋاپىق مىقداردا ئۆسىملۈك مېيى قوشۇپ بېرىپ، ئېنېرگىيە ئېھتىياجىنى قامداش كېرەك.

**4. شامال تېگىشتىن، زۇكامداپ قېلىشتىن مۇداپىئە كۆرۈش:** كاتەكنىڭ ھىملىقىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش، بولۇپمۇ كاتەكنىڭ شىمالىي تەرەپتىكى تېمى ۋە تامنىڭ ئاستى قىسمىدىن سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش، ئومۇمىي يەم مىقدارىنىڭ 1% بويىچە يېمىگە دائىم سامساق چا-ناپ ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش، ئىچىدىغان سۇيىگە زەنجىۋىل سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق توخۇلارنىڭ زۇكامداپ قېلىشىنىڭ ۋە بىر قىسىم كېسەللەر بىلەن يۇقۇملىنىپ قېلىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**5. چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيە كېسەللىدىن مۇداپىئە كۆ-رۈش:** قىش پەسلى ھاۋا ئالماشتۇرۇش بىلەن ئىسسىقلىق ساقلاش ئۆزئارا زىددىيەتلىك بولغاچقا، كاتەك ئىچىنىڭ ھاۋاسىنى ساپلاشتۇرۇش بىرقەدەر قىيىنغا توختايدۇ. بۇلغانغان ھاۋا دائىم توخۇنىڭ تەپەس يولى شىللىق پەر-دىسىنى غىدىقلاپ، ئاسانلا نەپەس يولى كېسەللىكلىرى ياكى چوڭ ئۈچەي تا-

ياقچە باكتېرىيە كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭلاشقا توخۇغا پات - پات دېزىنفېكسىيە سۈيى بېرىش، چوڭ ئۇچەي تاياقچە باكتېرىيەسىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورىلارنى يېمىگە مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش، شۇنىڭ بىر بىرگە كاتەك ئىچى ۋە سىرتىنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

**6. دېزىنفېكسىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش:** قىش پەسلى دېزىنفېكسىيە خىزمىتىگە سەل قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ، دېزىنفېكسىيە قىلىشتا توخۇخانا سىرتىنى ئۆچۈرۈلمىگەن ھاك (生石灰) بىلەن، ئىچىنى بەيدۇشا (百毒杀)، پېروكسى ئاتسېتات كىسلاتا (过氧乙酸) ئېرىتمىسى قاتارلىق دورىلارنى ئىشلىتىپ دېزىنفېكسىيە قىلسا بولىدۇ. دېزىنفېكسىيە قىلىشتىن بۇرۇن ئاۋۋال توخۇ مايىقىنى پاكىز سۈپۈرۈپ تازىلىغاندىن كېيىن، ئاندىن دېزىنفېكسىيە دورىسىنى يەر يۈزىگە تەكشى سېپىش كېرەك.

**7. ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش:** قىش پەسلى ھاۋا سوغۇق ھەم قۇرغاق بولغاچقا ئاسانلا ئوت ئاپىتى كېلىپ چىقىدۇ، شۇڭلاشقا ئوچاق ۋە ئىس يولىدىن ئوت قاچىدىغان - قاچمايدىغانلىقىنى، توك يولىنىڭ بىخەتەر بولغان - بولمىغانلىقىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ، ئوت ئاپىتىنىڭ بارلىق يوشۇرۇن خەۋپىنى تۈگىتىش كېرەك.

**8. زەھەرلىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش:** قىش پەسلى كاتەكنى ئىسسىتىشتا ئۆي ئىچىگە ئىسسىتىش ئەسلىھەلىرىنى كۆپ ئورنىتىش سەۋەبىدىن كاتەك ئىچىدە ئاسانلا كاربون چالا ئوكسىد، كاربون تۆت ئوكسىد قاتارلىق بىر قىسىم زەھەرلىك گازلارنىڭ مىقدارى يۇقىرىلاپ، ئوكسىگېنلىقى، ئىس يېنىپ كېتىشتىن ساقلىنىش، ئىس يولىنىڭ مىقدارى تۆۋەنلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ئاسانلا كاربون چالا ئوكسىدتىن زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭلاشقا ئوچاقنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، سانى مۇۋاپىق بولۇشى، ئىس يېنىپ كېتىشتىن ساقلىنىش، ئىس يولىنىڭ تۇتاشتۇرۇلغان ئورنىمۇ ھىم بولۇشى لازىم. (02)

# قىشتا بوغاز ساغلىقلاردا كۆرۈلىدىغان سۆڭەك يۇمشاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش

ياسىن ھەبىبۇل
(يەكەن ناھىيە خاڭدى بازارلىق چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 844700)

بوغاز ساغلىقلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئېھتىياجىنى قامداش بىلەن بىرگە تۆرەلمىنىڭ ئوزۇقلۇق ئېھتىياجىنىمۇ تەمىنلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش پەسلىدە ھاۋا سوغۇق، يورۇتۇش ۋاقتى قىسقا بولغاچقا ساغلىقلارنىڭ قۇياش نۇرى ئارقىلىق بەدىنىدە ھاسىل قىلىدىغان ۋىتامىن D مو ئاز بولىدۇ. ئەگەر ۋاقتىدا كالتسىي، فوسفور ھەم ۋىتامىن D تولۇقلانمىغاندا ئاسانلا سۆڭەك يۇمشاش كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تۇغۇت قىيىنلىشىش، تۇغۇتتىن كېيىنكى پالەچلىك، قوزىلاردا تۇغما خاراكتېرلىك راخت كېسىلى، سۆڭەك يۇمشاش كېسىلى كۆرۈلىدۇ، ھەتتا ئۆلۈك تۇغۇلىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر قانچە تەدبىرنى قوللىنىش كېرەك.

1. ئاپتاپسىندۇرۇش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن قوتان كۈنگەي بولۇشى، قىش كىرىشتىن ئىلگىرى ياخشى رېمونت قىلىنىشى، قىش پەسلىدە قوتاننىڭ پاكىز، ئىسسىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. قىغنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا چىقىرىپ، قوتاننى قۇرغاق تۇتۇش كېرەك. بوغاز ساغلىقلارغا ئىسسىق سۇ بېرىش، مۇز تۇتقان ئوت ـ چۆپ ۋە سۇ بەرمەسلىك لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى چۈش ۋاقتىدا ساغلىقلارنى قوتان سىرتىغا ئەپچىقىپ ئاپتاپقا سېلىش كېرەك.

2. يەم ـ خەشەك قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، ھەر خىل ۋىتامىن ۋە كالتسىي تولۇقلاش لازىم. بوغاز ساغلىقلارغا يېشىل يەم ـ خەشەك بەرگەندىن سىرت، كۈندىلىك يەم ـ خەشەككە تەركىبىدە ۋىتامىن D، كالتسىي ۋە فوسفور كۆپ بولغان بېلىق تالقىنى، سۆڭەك تالقىنى، تۇخۇم شاكىلى تالقىنى قاتارلىقلارنى قوشۇپ بېرىش كېرەك.

## چارۋىلارنى قىش، ئەتىيازدىن ئۆتكۈزۈشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

مۇھەممەترەھىم ئابلىمىت
(قۇمۇل ۋىلايەتلىك چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش پونكىتىدىن 839000)

رايونىمىزدا قىش پەسلى ئۇزۇن، قىشتا ھاۋا سوغۇق، كۈن قىسقا، قىش-
نىڭ ئاخىرى ئوت ـ چۆپنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى تۆۋەنلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە ئانا ماللارنىڭ بوغازلىق مەزگىلىگە توغرا كەلگەنلىكتىن، بىر تەرەپ-
تىن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قامدىسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۆرەلمىنىڭ ئۆسۈپ
يېتىلىشى ئۈچۈن توقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغان ئوزۇقلۇقلارنى تەلەپ
قىلىدۇ، شۇڭا قىش كۈنى مالنىڭ تەن ئېغىرلىقى بۇرۇنقىدىن 30% ئەترا-
پىدا يېنىكلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە رايونىمىزنىڭ ئوتلاق چارۋىچىلىقىدا مال-
نى ئەتىيازدا بېقىش ناھايىتى مۇھىم. بۇ پەسىل ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئال-
دىراش ۋاقتى بولۇپ، قىشتىن چىققان مالنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ
ھەم تۆللەيدۇ. ئەتىيازدا ھاۋا رايى تېز ئۆزگىرىدۇ. بۇ مال ئۈچۈن چوڭ
خەۋپ كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ماللارنى قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈشتە
تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم: (1) قىش كى-
رىشتىن بۇرۇن قوتانلارنى ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلىپ، قوتاننىڭ ئىس-
سىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، كۈن نۇرى ياخشى چۈشىدىغان ئو-
رۇنلاردا يالتىراق يوپۇقلۇق قوتان ياساش كېرەك؛ (2) قولدا بېقىلىدىغان

---

3. ئورۇق، ئاجىز بوغاز ساغلىقلارغا بۇرۇنراق ئالدىنى ئېلىش خاراكتې-
رىدىكى دورا بېرىپ، سۆڭەك يۇمشاش كېسەلگە گىرىپتار بولۇش ئېھتىما-
لىنى يوقىتىش زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كۈنى كالتسىي گىلىكونات تاب-
لىتكىسىدىن ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا تۆتتىن بەرسە، شۇنىڭ بىلەن بىر-
گە بېلىق مېيى بەرسە بولىدۇ. دورىنى ساغلىق تېنىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ
2 ـ 4 ھەپتە بەرسە مۇۋاپىق بولىدۇ. (02)

ماللارنى قوتانغا بەك زىچ ئورۇنلاشتۇرماسلىق، قوتاننىڭ پاكىز، قۇرغاق بولۇشىغا، ھاۋا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم؛ (4) كېچە - كۈندۈز پادىلارنى ئايرىلاپ، تۇغۇلغان تۆللەرنىڭ بىرسىلىپ، توڭلاپ، تۇنجۇقۇپ ئۆلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تۆللىگەن ماللارنىڭ تۇغۇتتا قىينىلىش، ھەمرىيى چۈشمەسلىك، تۆللەر ۋاقتىدا ئوغۇز سۈتى ئىمەلمەسلىك، كىندىكى ئۈزۈلۈپ كېتىش قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ (5) قىش، ئەتىياز پەسلى ماللاردا يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىدۇ. شۇڭا ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش، قۇرتسىزلاندۇرۇش، بولۇپمۇ سىرتقى پارازىتلاردىن بولغان قوتۇر كېسەللىكلىرىنى ۋاقتىدا داۋالاش، قوتانلارغا دورا چېچىش، كېسەللەنگەن ماللارنى ئايرىش ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەش لازىم؛ (6) مال ئەتىيازلىق ئوتلاقلارغا كۆچۈش ۋاقتىدا ھاۋا رايىغا، ماللارنىڭ ئورۇق - سېمىزلىكىگە، تۆللەش ۋاقتىغا، بارىدىغان ئورۇننىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا ئاساسەن مال پادىلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، باسقۇچقا بۆلۈپ كۆچۈرۈش لازىم؛ (7) ئاجىز، ئورۇق ماللار بىلەن ئانا ماللارنى قوشۇمچە ئورۇنلاشتۇرۇش، ئايرىم بېقىش، بوغاز ماللارنى كۆچۈش ۋاقتىدا ئاستا ھەيدەش، كۆچۈش يوللىرىدىكى قونالغۇلارنىڭ ئىسسىق، قۇرغاق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم؛ (8) دېھقانچىلىق رايونلىرىدا قوتاندا بېقىلغان ماللاردا يۇڭى چۈشۈش، قۇرغاق قوتۇر بولۇش، تۇياقلىرى چىرىش ئەھۋاللىرى كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. شۇڭا ئوزۇقلۇققا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، سامان، توپان قاتارلىق يىرىك ئوزۇقلۇق بىلەنلا باقماي، يېشىل ئارىلاشما ئوزۇقلۇقلارنىمۇ ئارىلاشتۇرۇپ بېرىپ، ئوزۇقلۇق كەمچىللىكىدىن بولىدىغان يۇقىرىقىدەك كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئوقۇرلارغا داۋاملىق تۇز سېلىپ قويۇش لازىم. (02)

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلات بەلگىسىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى

مەمەتتوختى مەتتۇرسۇن
(خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 848000)

قىسمەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ قېپىدا پەقەت مەھسۇلات نامى بىلەن بىر تېلېفون نومۇرىلا بولۇپ، ئىشلەپچىقارغان زاۋۇت نامى بىلەن زاۋۇت ئادرېسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. قارىماققىلا بۇ مەھسۇلاتنىڭ سۈپەتسىز مەھسۇلات ئىكەنلىكى چىقىپلا تۇرىدۇ، مانا بۇ مەھسۇلات بەلگىسىنىڭ ئوينىغان رولى.

1. مەھسۇلات بەلگىسىگە ئېتىبار بېرىشنىڭ ئەھمىيىتى. بەزى ئىستېمالچىلار مەھسۇلات بەلگىسى دېگەننى تونۇمايدۇ. پەقەت مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ياخشى بولسىلا بولدى دەپ قارايدۇ، بۇ خىل قاراش خاتا. ئەمەلىيەتتە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سۈپىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ماجىرالارنىڭ كۆپىنچىسى ئىستېمالچىلارنىڭ مەھسۇلات بەلگىسىگە ئېتىبار بەرمىگەنلىكى، مەھسۇلات بەلگىسىنىڭ مۇھىم رولىنى چۈشەنمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىدا ئىشلەپچىقارغۇچى بىلەن ئىستېمالچىنىڭ ئېيتقىنى ھېساب بولمايدۇ، بەلكى ئۆلچەم بىلەن پاكىت ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. مەھسۇلات بەلگىسى بولسا ئىشلىتىشنىڭ كۆرسەتمىسى، شۇنداقلا ئىستېمالچىلار ھوقۇقىنى قوغدايدىغان ئاساس. (1) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋالغۇچى مەھسۇلات بەلگىسى ئارقىلىق مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىگە ھۆكۈم قىلالايدۇ. ئەگەر بىر مەھسۇلاتنىڭ بەلگىلىرى تولۇق، چۈشەندۈرۈشى تەپسىلىي بولۇپ، پەقەت سىرتقى قېپىدىلا ئەمەس، بەلكى مەھسۇلاتنىڭ ئۆزىگىمۇ مەھسۇلات بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن بولسا، بۇ كۆپىنچە ھالدا ئۆلچەملىك مەھسۇلات بولۇپ، مەھسۇلات سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. ئەكسىچە، ھېچقانداق مەھسۇلات بەلگىسى بولمىغان ياكى مەھسۇلات بەلگىسى ئۆلچەملىك بولمىغان مەھسۇلاتلار كۆپىنچە ھاللاردا ساختا مەھسۇلات بولۇپ، سۈپىتىگە كاپالەتلىك

قىلغىلى بولمايدۇ؛ (2) مەھسۇلات بەلگىسى بولسا ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان ئاساس، چۈنكى مەھسۇلات بەلگىسىنى مەھسۇلات سۈپىتىگە بېرىلگەن كاپالەتنامە دەپ قاراشقا بولىدۇ، ئەگەر مەھسۇلات سۈپىتى مەھسۇلات بەلگىسىدە تەشۋىق قىلىنغان ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمىسە، لاياقەتسىز مەھسۇلات دەپ قارىلىپ، ئىشلەپچىقارغۇچى ياكى ساتقۇچى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

2. مەھسۇلات بەلگىسىنى تەكشۈرۈشنىڭ كونكرېتنى ئۇسۇللىرى: ئالدى بىلەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېتىۋالغاندا، ئىنچىكىلىك بىلەن مەھسۇلات بەلگىسىنى تەكشۈرۈش، ئەگەر مەھسۇلات بەلگىسى ئۆلچەملىك بولمىسا ياكى كەم بولسا، ئۆلچەمسىز مەھسۇلات بولۇش ئېھتىماللىقى بولۇپ، سېتىۋېلىش نىيىتىدىن ۋاز كەچسە بولىدۇ. مەسىلەن: بەزى زاۋۇتلار ئىشلىتىش قوللانمىسىنى دۆلەت بېكىتكەن سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلىتىش قوللانمىسىنى تۈزۈشتىكى بەلگىلىمىنىڭ تەلىپى بويىچە تۈزمىگەن بولۇپ، بەت نۇسقىسى ناھايىتى ئۆلچەمسىز. بەزىلىرىنىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچەملىرى تولۇق يېزىلمىغان بولۇپ، سىرتقى شەكىل ئۆلچىمى، چاق ئارىلىقى، ئوق ئارىلىقى، ئومۇمىي ئېغىرلىقى، يۈك نورمىسى قاتارلىق پارامېتىرلارنى تېپىش تولىمۇ قىيىنغا توختايدۇ. يەنە بەزىلىرىدە سانلىق مەلۇماتلار ھەقىقىي ھەم مۇۋاپىق ئەمەس. بەزى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تولىمۇ قالايمىقان بولۇپ، پەقەت شەكلى بىلەن چوڭ ـ كىچىكلىكى ھەر خىل بولۇپلا قالماي، بەلكى زاۋۇت تەرەپ ساتقۇچىغا مەھسۇلات لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىنى خالىغانچە تارقىتىشقا بەرگەن. بەزى مەھسۇلاتلارنىڭ لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىدىكى خەتلەر تولىمۇ ئۆلچەمسىز بولۇپ، لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىدىكى تىپ بىلەن ئىشلىتىش قوللانمىسىدىكى تىپ ئوخشاش ئەمەس، بۇ مەھسۇلاتنىڭ قاتتىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتمەيلا بازارغا سېلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، شۇڭا ئىستېمالچىلار بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىشى لازىم.

ئۇنىڭدىن سىرت، قىسمەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئۆلچەم بىر-لىكى بىرلىككە كەلمىگەن بولىدۇ، مەسىلەن: بەزىلىرىدە ئات كۈچىنى بىر-لىك قىلسا، يەنە بەزىلىرىدە كىلوۋاتنى بىرلىك قىلغان؛ نورمۇلۇق يۈك ماسىسىدا بەزىلىرى توننىنى بىرلىك قىلسا، بەزىلىرى كىلوگىرامنى بىرلىك قىلغان؛ يەنە بەزىلىرى يۈز كىلوگىرامنى بىرلىك قىلىپ ئىستې-مالچىلارنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن مۇشۇ كارخانىنىڭ سۈپەت باش-قۇرۇش سەۋىيەسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

2010 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىنى رېمونت قىلىش، ئالماشتۇرۇش، قايتۇرۇش مەسئۇلىيەت بەلگىلىمىسى يېڭى نۇسقىسىنىڭ 14 ـ ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتىنى ساتقۇچى تۆۋەندىكى تەلەپلەرگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك: (1) نەق مەيداندا سىناق قى-لىش؛ (2) بىللە كەلگەن سايمان، ھۆججەت، قوشۇمچە ماتېرىياللارنى تاپ-شۇرۇش؛ (3) مالىيە ـ باج ئورۇنلىرى بىر تۇتاش تارقاتقان مال سېتىۋې-لىش تالونى، ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش ئىسپاتى، ئىشلىتىش چۈشەندۈرۈش قوللانمىسى ۋە باشقا ھۆججەتلەرنى تەمىنلەش؛ (4) يېزا ئىگىلىك ماشىنى-لىرى مەھسۇلاتىنىڭ ئۈچنى ھۆددە قىلىش مۇددىتى ۋە شەكلىنى ئېنىق يېزىش؛ (5) ئىشلەپچىقارغۇچى، ساتقۇچى تەرەپ ھاۋالە قىلغان رېمونت قىلغۇچىنىڭ ئىسمى، ئالاقىلىشىش ئادرېسى ۋە تېلېفون نومۇرى بىلەن تەمىنلەش؛ (6) ئۈچنى ھۆددە قىلىش ئىسپاتىغا مال ساتقۇچى تەرەپنىڭ مۇناسىۋەت ئۇچۇرلىرىنى تولدۇرۇش كېرەك».

ئىمپورت قىلىنغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا نىسبەتەن چوقۇم تا-موژنا چىقىرىپ بەرگەن مال ئىمپورت قىلىش ئىسپاتى بىلەن تەكشۈرۈپ كارانتىن قىلىش ئورۇنلىرى چىقىرىپ بەرگەن چېگرادىن كىرگۈزۈشنى تەكشۈرۈپ كارانتىن قىلىش ئىسپاتى تەمىنلىنىدۇ. (02)

# قىشتا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

ئابلىكىم ئەيسا
(ئۇچتۇرپان ناھىيە ئوتېپشى يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتىدىن 843400)

1. سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: (1) قىش پەسلىدە ئىمكانقەدەر توڭلاشتىن ساقلىنىش سۇيۇقلۇقى ئىشلىتىش، ئادەتتىكى سۇنى سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى ئورنىدا ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. (2) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىنى قويۇۋېتىپ، ئۇزۇن مەزگىل ئىشلەتمەي قايتا ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە، چوقۇم ئوت ئالدۇرۇشتىن ئىلگىرى سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى قۇيۇش كېرەك. ئەگەر ئوت ئالدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى قۇيۇلسا، موتور گەۋدىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تېزدىن يۇقىرىلاپ، كۆيۈش كامېرىنىڭ پەيتلىك تېمپېراتۇرىسى نەچچە يۈز سېلسىيە گرادۇسقا يېتىدۇ، بۇ ۋاقىتتا سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى قۇيۇلسا ئاسانلا موتور گەۋدىسى، سىلىندىر قاپلىمىسى، سىلىندىر قاپقىقى قاتارلىق دېتاللار يېرىلىپ، پورشىن، تۇتاشتۇرغۇچى دەستە قاتارلىق دېتاللاردىمۇ شەكىل ئۆزگىرىش كېلىپ چىقىدۇ. (3) يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلار ئۇزۇن ۋاقىت مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ توختىغاندا دەرھاللا سوۋۇتۇش سۈيىنى قويۇۋەتمەسلىك لازىم. چۈنكى ئۇزۇن مەزگىل مەشغۇلات قىلغاندا موتور تېمپېراتۇرىسى 90℃ تىن يۇقىرى بولىدۇ، ئەگەر دەرھاللا سوۋۇتۇش سۈيى قويۇۋېتىلگەندە، موتور تېمپېراتۇرىسى تېز تۆۋەنلەيدۇ، بۇ ۋاقىتتا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى بەك تۆۋەن بولسا، تېمپېراتۇرا پەرقى بەك چوڭ بولۇش تۈپەيلىدىن ئاسانلا رادىياتور، موتور دېتاللىرى ۋە سىلىندىر قاپقىقىدا يېرىلىش يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا چوقۇم موتورنى تۆۋەن سۈرئەتتە

5~6 مىنۇت ئايلاندۇرۇپ، موتور تېمپېراتۇرىسى 50℃~ 60℃ قا چۈشكەندە ئاندىن سوۋۇتۇش سۈيىنى قويۇۋېتىش كېرەك. (4) موتور سۈيىنى تولۇق قويۇۋېتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك. چوڭ ئات كۈچىلىك موتورلاردا موتور ئىچكى قىسمىدا ساقلانغان سۇ بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئاسانلىقچە پاكىز چىقارغىلى بولمايدۇ، شۇڭا بۇنداق ۋاقىتلاردا ئەگرى ئوقنى بىرقانچە قېتىم ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق سۇنىڭ پاكىز چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

2. موتور گەۋدىسىنى ئىسسىق ساقلاشنى ۋە ئاككۇمۇلياتورنى ئاسراشنى كۈچەيتىش: (1) توڭلاپ قېلىشتىن ۋە قار سۇلىرىنىڭ كىرىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شارائىت بولسا ماشىنىنى ماشىنا ئىسكىلاتىغا توختىتىش لازىم؛ (2) موتورنىڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا چىدامچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، موتورغا ئىسسىقلىق ساقلاش قاپلىمىسى قاپلاش، زۆرۈر تېپىلغاندا رادىياتورنىڭ ئالدىنى قاتتىق قەغەز بىلەن توسۇپ قويۇش كېرەك؛ (3) ئاپتول سوۋۇتۇش قۇرۇلمىسى ئورنىتىلغان موتورلاردا، موتور تېمپېراتۇرىسىنىڭ نورماللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قىش پەسلىدە ئالماشتۇرۇش ۋىكلىيۇچاتېلىنى «قىش» دېگەن ئورۇنغا ئەكېلىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالماسلىق لازىم؛ (4) سۇنىڭ دىزېلىنغا ئارىلىشىپ كېتىپ، دىزېلىنىڭ توڭلاپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قەرەللىك ھالدا ماي باكىدىكى سۇنى قويۇۋېتىش كېرەك؛ (5) تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا ئاككۇمۇلياتوردىن توك قېچىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ، ئاككۇمۇلياتور توكىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئېلېكترولىز ئېرىتمىسىنىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقىنى 1.28~1.32 گە يەتكۈزۈش، تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا

ئاككۇمۇلياتور توڭلاپ يېرىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تولۇقلاپ زەرەتلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاككۇمۇلياتور توكىنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

3. قىشتا يېقىلغۇ ماي بىلەن سىلىقلاش مېيىنى توغرا تاللاپ ئىشلىتىش: (1) قىشتا تېمپېراتۇرىغا ئاساسەن مۇۋاپىق تېپتىكى يېقىلغۇ مايىنى تاللاپ ئىشلەتسە بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن دىزېلىنىنى تاللىغاندا، ئېقىشچانلىقى ياخشى، قېتىشىش نۇقتىسى تۆۋەن بولغان 0 ـ نومۇرلۇق، 10 ـ نومۇرلۇق، 20 ـ نومۇرلۇق، 30 ـ نومۇرلۇق دىزېلىنىنى تاللاپ ئىشلىتىش لازىم؛ (2) سىلىقلاش مېيىنى تاللاشتا، مايلاش سىستېمىسىنى يۇيۇشقا كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا، يېپىشقاقلىقى تۆۋەنرەك بولغان، مەسىلەن: CA20، CA30 تىپلىق ئاپتولارنى ئىشلەتسە بولىدۇ؛ (3) سۈرئەت ئۆزگەرتكۈچ بىلەن ئارقا كۆۋرۈككە 20 ـ نومۇرلۇق چىشلىقچاق مېيىنى، سۇيۇقلۇق بېسىم سىستېمىسىغا 40 ـ نومۇرلۇق سۇيۇقلۇق بېسىم مېيىنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

4. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ قىشتا بىخەتەر يۈرۈشىدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: (1) يۈرۈش تېزلىكىنى كونترول قىلىش كېرەك. نورمىدىن ئارتۇق يۈكتە يۇقىرى سۈرئەتتە يۈرمەسلىك، ماشىنا داۋاندىن چۈشكەندە خوتقا سېلىپ يۈرۈش، ھەرگىزمۇ خوتتىن چىقىرىۋېتىپ سىرىلدۇرۇپ يۈرمەسلىك كېرەك؛ (2) ماشىنىنىڭ نورمال يۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن قوزغاتقۇچى چاقىغا تېيىلىشتىن ساقلىنىش زەنجىرى ئورنىتىش كېرەك؛ (3) ماشىنىدا گۈرجەك قاتارلىقلارنى بىللە ئېلىپ يۈرۈش لازىم. (02)

# جىغاننىڭ شىپالىق رولى

شېرىنگۈل پازىل
(ئاراتۈرۈك ناھىيە ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىدىن 839300)

**1. جىغاننىڭ ئېكولوگىيەلىك رولى:** جىغان قۇرغاق، قۇم - شېغىللىق يەرلەرگە تىكىشكە ماس كېلىدىغان چاتقال دەرەخ بولۇپ، سۇ، تۇپراقنى قوغداش ۋە قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇشتىكى رولى ئىنتايىن چوڭ. ئۇنىڭ كىلىماتقا، تۇپراققا ماسلىشىش ئىقتىدارى يۇقىرى، بوران-چاپقۇنغا چىدامچانلىقى كۈچلۈك، قۇرغاقچىلىققا ۋە تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، يىلتىزىدىن تۈپلەش ئىقتىدارىغا ئىگە. جىغاننىڭ يىلتىز سىستېمىسى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىز قىسمىدىكى يىلتىز تۈگۈنەك باكتېرىيەسىنىڭ ئازوتنى تۇراقلاشتۇرۇپ تۇپراقنى مۇنبەتلەشتۈرۈش ئۈنۈمى يۇقىرى. يەنە ئۇنىڭ قۇرۇغان شاخ - يوپۇرماقلىرىدا كۆپ مىقداردا كىسلاتالىق ماددا بولۇپ، تۇپراقتىكى ئانورگانىك ماددىلارنىڭ چىرىپ پارچىلىنىشىنى تېزلىتىپ، تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. بولۇپمۇ تېرىقچىلىقتىن بوشىتىلغان يەرلەرنى ئورمانغا قايتۇرۇش جەھەتتىكى ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولۇپ، باشقا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن كىرىشتۈرۈپ تىكىشكىمۇ ماس كېلىدۇ.

**2. دورىلىق قىممىتى:** جىغان مېۋىسىدە مول ۋىتامىن، ماي تۈرىدىكى ماددىلار بولۇپ، تېبابەتتە ئۆپكىنى ياشارتىش، قاننى راۋانلاشتۇرۇش، قاندىكى ماي مىقدارىنى تۆۋەنلىتىش، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، يەنە ئاياللاردىكى ئادەت قالايمىقانلىشىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا قىلىدۇ. ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى، ئاشقازان يارىسى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتىكى ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك، تۇتقاقلىق كېسىلى ۋە ھەر خىل تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقىدىن پايدىلىنىپ ئىچتى سۇرۇشنى داۋالايدىغان دورا ياسىغىلى، ئۇرۇقىدىن ئايرىپ ئېلىنغان مايدا كۆيۈك يارىسىنى داۋالىغىلى بولىدۇ. يوپۇرماق ۋە يۇمران شاخلىرىنى چاي دەملەپ ئىچكىلى ۋە مال - چارۋىلارنىڭ يەم - خەشەكى قىلىشقا بولىدۇ.

جىغاننىڭ گۈلىدىن پايدىلىنىپ ئەتىر ياسىغىلى، مېۋىسىدىن مۇراببا، ئاچچىقسۇ ياسىغىلى، ئەڭ مۇھىمى جىغان يېغى ئايرىغىلى بولىدۇ. (02)

# ئۆسمۈر بالىلارنىڭ يېيىشىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان گۆشلەر

رائىلە ئابدۇللا
(ئۈرۈمچى شەھەرلىك بالىلار دوختۇرخانىسىدىن 830000)

بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار گۆشنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى دەپ قاراپ، بالىلىرىنى گۆش بىلەن بېقىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بالىلارمۇ گۆش يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىراق ئەمەلىيەتتە ئىنچىكە پىششىقلانغان گۆش تۈرىدىكى يېمەكلىكلەر بالىلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

1. قاقلاپ پىشۇرۇلغان ئۆچەي: قاقلاپ پىشۇرۇلغان ئۆچەينى يېگى، كۆر-كەم كۆرسىتىش ئۈچۈن، رەڭ كىرگۈزىدىغان نىترىت تۇزى قوشۇلىدۇ. نىترىت تۇزى ئورگانىزمغا كىرگەندىن كېيىن ئۆسمە پەيدا قىلىدىغان ئامىنى نىترىتقا ئايلىنىدۇ ۋە شۇنداقلا ئۆچەينى قاقلاپ پىشۇرۇش جەريانىدا بەزى زىيانلىق ماددىلارمۇ ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا بەش ياشتىن كىچىك بالىلار-غا قاقلاپ يوشۇرۇلغان ئۆچەينى بەرمەسلىك كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا بازارلاردا سېتىلىۋاتقان چۆبۈت (كولباسا) قاتارلىق ئىنچىكە پىششىقلانغان گۆش تۈ-رىدىكى مەھسۇلاتلارنىمۇ بالىلارغا يېگۈزۈش مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

2. گۆش تالقىنى: گۆش تالقىنى ئىنچىكە پىششىقلانغان گۆش مەھسۇلا-تى بولۇپ، ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدا كۆپ خىل ۋىتامىنلار بۇزۇ-لىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ماتېرىياللىرىدا بىخەتەر بولمىغان ئامىللار بولىدۇ ۋە ئۇنى پىششىقلاش جەريانىدا جاڭيۇ، ماي، شېكەر، ئاش تۇزى قاتارلىق ماتېرىياللار قوشۇلغاچقا، ئېنېرگىيەسى يۇقىرى، ئاشتۇزى كۆپ بولىدۇ. شۇڭا بازاردا سېتىلىۋاتقان گۆش تالقىنى بالىلارغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

3. زىخ كاۋاپ: گۆشنى كۆچلۈك ئوتتا قاقلاپ پىشۇرۇش جەريانىدا ئۇ-نىڭدىكى ئاقسىل، مايلار پارچىلىنىپ زىيانلىق، زەھەرلىك ماددىلار ھاسىل بولىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر ئۇنىڭ ئىچىدىكى بېنزوپىرىنىنىڭ ئورگانىزمدا ئۆسمە پەيدا قىلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، گۆشنى كاۋاپ قى-لىپ پىشۇرۇش جەريانىدا ھاسىل بولغان زەھەرلىك، زىيانلىق ماددىلار با-

# ئانارنى ساقلاش ئۇسۇلى

ئابىتجان روزى مۇھەممەد
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق كەسپىي مائارىپ مەكتىپىدىن 845350)

ئانار ساقلايدىغان ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسى 4℃ ـ 5℃، نىسپىي نەملىكى 95% بولسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ. ئانارنى ساقلاشتىن ئىلگىرى يېرىلغان، زەخىملەنگەنلىرىنى شاللىۋېتىپ، چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ دەرىجىگە ئايرىش، ئاندىن تۆۋەندىكى ئۇسۇل بويىچە ساقلاش كېرەك.

**1. ئىدىشتا ساقلاش:** ئالدى بىلەن ئىدىشنى پاكىز يۇيۇپ، 1% لىك كالىي پېرمانگانات (高锰酸钾) ئېرىتمىسىدە دېزىنفېكسىيە قىلىپ، ئاستىغا دېزىنفېكسىيەلەنگەن داكا سېلىپ، سالقىن جايدا 3~4 كۈن تۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئانارنى قەۋەتلەپ تىزىپ لىق توشقۇزۇپ، ئاغزىنى يالتىراق بىلەن ھىم ئېتىش كېرەك. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن تەكشۈرۈپ، سېسىغانلىرىنى ئېلىۋېتىش كېرەك. بۇ ئۇسۇل بويىچە ئانارنى 2 ـ يىلى 3 ـ، 4 ـ ئايغىچە ساقلىغىلى بولىدۇ.

---

لىلارنىڭ ساغلاملىقىغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزىدۇ. شۇڭا كۆچلۈك ئوتتا قاقلاپ پىشۇرغان كاۋاپنى كىچىك بالىلارغا يېگۈزۈش مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. كىچىك بالىلارغا كاۋاپنى ئاز مىقداردا يېگۈزگەن تەقدىردىمۇ ئوزۇقلۇق ماددىلىرى مول بولغان مېۋە، كۆكتاتلارنى تولۇقلاپ بېرىشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

4. سۈرلەنگەن گۆش (قىزا قاتارلىق)، تۇزلانغان گۆش، مايدا پىشۇرۇلغان بېلىق، قۇيماق قاتارلىقلارنىمۇ كىچىك بالىلارغا يېگۈزۈش مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ئاتا ـ ئانىلاردا بالىلارنى ساغلام يېگۈ يېمەكلەر بىلەن بېقىش كۆزقارىشى بولۇشى كېرەك. بالىلارغا گۆشنى دۇملەپ بېرىش، قورۇپ بېرىش، قورداق قىلىپ بېرىش قاتارلىق ئاددىي ئۇسۇللار بىلەن پىشۇرۇپ بېرىش كېرەك. (05)

**2. ئورىدا ساقلاش:** بۇنىڭ ئۈچۈن قۇرغاق يەرگە دىيامېتىرى 80 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر ئورا كولاپ، ئۇنىڭ ئىچىگە يەنە بىر نەچچە كىچىك ئورەك كولاپ دېزىنفېكسىيە قىلىنىدۇ. ئاندىن ئانارنى چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ رەتلىك تىزغاندىن كېيىن، ئورەكنىڭ ئاغزىنى ھەم ئېتىش بىلەن بىرگە، كىچىك ھاۋا تۆشۈكچىسى قويۇش كېرەك. ئەگەر ئورىدا شام ياندۇرغاندا شام ئۆچۈپ قالسا، ھاۋا تۆشۈكچىسىنى ئازراق چوڭايتسا، ئانارنى 2 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە ساقلىغىلى بولىدۇ.

**3. سوغۇق ساقلاش ئامبىرىدا ساقلاش:** بۇنىڭدا ئانارنى سولياۋ خالتىغا قاچىلاپ، ئاغزىنى ھەم ئەتكەندىن كېيىن ئامبارغا كىرگۈزۈلىدۇ. ئانارنى ساقلاش ۋاقتىدا ئامبارنىڭ تېمپېراتۇرىسى 3℃ ـ 4℃ بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ، ئانار قەرەللىك تەكشۈرۈلىدۇ، بۇ ئۇسۇلدا ئانارنى 140 كۈن ئەتراپىدا ساقلىغىلى بولىدۇ.

**4. ئېسىپ ساقلاش:** بۇنىڭ ئۈچۈن، ئانارنى ساپىقى بىلەن ئۈزۈپ ئىنچىكە تانىدا قاتار قىلىپ باغلاپ، ئايرىم ـ ئايرىم سولياۋ بىلەن ئوراپ، تېمپېراتۇرا ۋە نەملىكنىڭ ئۆزگىرىشى چوڭ بولمىغان ئۆيگە ئېسىپ ساقلىغاندا ئانارنى 2 ـ ئايغىچە ساقلىغىلى بولىدۇ.

**5. دۆۋىلەپ ساقلاش:** بۇ ئۇسۇلدا ئانار دورا بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىپ، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايدا 3 ـ 4 كۈن تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، دېزىنفېكسىيەلەنگەن پول ئۈستىگە شال پاخلى يېيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانارنى قەۋەتلەپ تىزىپ، ئۈستىگە يەنە بىر قەۋەت شال پاخلى يېپىپ ساقلىنىدۇ. ساقلاش جەريانىدا ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، بۇزۇلغانلىرىنى ئېلىۋېتىش ھەم شال پاخلىنى ئالماشتۇرۇش كېرەك. بۇ خىل ئۇسۇلدا ئانارنى ئىككىنچى يىلى 4 ـ، 5 ـ ئايغىچە ساقلىغىلى بولىدۇ. (02)

# ئىستېمال قىلىشقا دىققەت قىلىدىغان يېمەكلىكلەر

ھەنىپە مەمەت مەخمۇدە پەرھات
(شىنجاڭ ئورمانچىلىق مەكتىپىدىن 830000)

**1. كالا سۈتى، پۇرچاق شىرنىسى:** بۇ ئىككى خىل يېمەكلىك تەركىبىدە مول مىقداردا ئاقسىل بولۇپ، ئاچ قورساق ئىستېمال قىلغاندا ئاقسىل ماددىسى مەجبۇرىي ھالدا خوراپ كېتىش بىلەن ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنى يوقىتىپ، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. بولكا، پېچىنە قاتارلىق يېمەكلىكلەر بىلەن بىللە ئىستېمال قىلغاندا ياكى غىزالىنىپ ئىككى سائەتتىن كېيىن ئىستېمال قىلسا، ئەڭ ياخشىسى ئۇخلاشتىن ئاۋۋال ئىستېمال قىلسا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

**2. قېتىق:** قېتىقنى ئاچ قورساق ئىستېمال قىلغاندا تەننى ساغلاملاشتۇرۇش رولى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شۇڭا غىزالىنىپ ئىككى سائەتتىن كېيىن ئىستېمال قىلسا ياكى ئۇخلاشتىن ئاۋۋال ئىستېمال قىلسا تەننى ساغلاملاشتۇرۇش، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاپ، يەلنى ھەيدەپ، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش قاتارلىق ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

**3. ئاق ھاراق:** ئاچ قورساق ھاراق ئىچكەندە ئاشقازان شىللىق پەردىسىنى غىدىقلاپ، ئوڭايلا ئاشقازان ياللۇغى، ئاشقازان يارىسى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەسلىدىلا ئاچ قورساق ۋاقىتتا قاندىكى قەنت مىقدارى ئاز بولغاچقا، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ھاراق ئىچكەندە قاندىكى قەنت مىقدارى تېز سۈرئەتتە تۆۋەنلەپ، مېڭە ھۈجەيرىلىرىنى گىلۇكوزا بىلەن تەمىنلەش توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، قەنت كەمچىلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن باش قېيىش، يۈرەك سىقىلىش، سوغۇق تەرلەش، قورساق ئاچقاندەك سېزىم كۆرۈلىدۇ، ئېغىر بولغاندا ھوشىدىن كېتىدۇ.

**4. چاي:** ئاچ قورساق چاي ئىچكەندە ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنى سۇيۇلدۇرۇپ، ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، يۈرەك رىتىمى تېزلاپ باش قېيىش، باش ئاغرىش، ماغدۇرسىزلىنىش قاتارلىق ئالامەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**5. قەنت:** قەنت ئىنتايىن ئاسان ھەزىم بولىدىغان يېمەكلىك بولۇپ، ئاچ قورساق قەنت يېگەندە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قاندىكى قەنت مىقدارىنىڭ نورمال قىممىتىنى ساقلايدىغان ئىنسۇلىننىڭ ئاجرىلىپ چىقىشى يېتەرلىك بولماي، قاندىكى قەنت مىقدارى تېز يۇقىرىلاپ، ئوڭايلا كۆرۈش قۇۋۋىتىنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىدۇ. شۇنداقلا قەنت كىسلاتا تۈرىدىكى يېمەكلىك بولۇپ، ئاچ قورساق ئىستېمال قىلغاندا مۇسكۇللاردىكى كىسلاتالىق ۋە ئىشقارلىق ماددىلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ھەمدە ھەر خىل مىكرو ئورگانىزملارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇۋېتىدۇ.

**6. ھالۋابىدىت ۋە پەمىدۇر:** تەركىبىدە كۆپ مىقداردا پېكتىن (مېۋە يېلىمى)، تاننىن كىسلاتاسى بولۇپ، بۇ خىل ماددىلار ئاشقازان ئاجرىتىپ چىقارغان كىسلاتالىق سۇيۇقلۇق بىلەن خىمىيەلىك رېئاكسىيەلىشىپ، تەستە ئېرىيدىغان يېلىمسىمان ئۇيۇلمىلارنى شەكىللەندۈرۈپ، ئوڭايلا ئاشقازاندا تاش پەيدا بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**7. بانان:** بانان تەركىبىدە ماگنىي ئېلېمېنتى بىر قەدەر مول بولۇپ، ئاچ قورساق ئىستېمال قىلغاندا ئادەم تېنىدىكى ماگنىينىڭ تاسادىپىي يۇقىرىلاپ كېتىپ، قاندىكى ماگنىي بىلەن كالتسىينىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ، يۈرەك قان تومۇرنىڭ ھەرىكىتىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

**8. دولانا، ئاپېلسىن:** دولانا ۋە ئاپېلسىن تەركىبىدە مول مىقداردا ئورگانىك كىسلاتاسى، مېۋە كىسلاتاسى، دولانا كىسلاتاسى قاتارلىقلار بولۇپ، ئاچ قورساق يېگەندە ئاشقازان كىسلاتاسى ئاجرىلىپ چىقىشنى تېزلىتىپ، ئاشقازان شىللىق پەردىسىنى غىدىقلاپ، ئاشقازان كۆپۈش، قۇسۇش، ئاچچىق سۇ ياندۇرۇش قاتارلىق ئالامەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**9. سامساق:** سامساق تەركىبىدە ئىنتايىن ئۆتكۈر ئاچچىق تەملىك سامساق پېگمىنتى بولۇپ، ئاچ قورساق يېگەندە ئاشقازان شىللىق پەردىسى بىلەن ئۈچەينى كۈچلۈك غىدىقلاپ، ئاشقازان ئۈچەينىڭ تارتىشىپ قېلىشى، قورساق سانجىق بولۇش ۋە قورساق تولغاپ ئاغرىشتەك ئالامەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**10. تاتلىق ياڭيۇ:** تاتلىق ياڭيۇ تەركىبىدە تاننىن ۋە يېلىمسىمان

# مەرىپەت شەيداسى

ئوبۇلقاسىم مەتنىياز يۇرۇڭقاش
(خوتەن گېزىتى ئىدارىسىدىن 848000)

بۇ يىل قۇربان ھېيتىنىڭ 3- كۈنى خوتەن ۋىلايەتلىك يۇتبولچىلار جەمئىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى، «شىنجاڭ ئون يەن مېھرىبانلىق فوندى» خوتەن شۆبىسىنىڭ مەسئۇلى قەدىناس دوستۇم ئابدۇخەبەر ئابلەتنىڭ چوڭ ئۆيگە ھېيتلاپ كەلگىنىمدە، ئۇ مېنى خۇشچىراي قىزغىن كۈتىۋالدى. تۇساتتىن ئۇنىڭ مېھمانخانىسىنىڭ يان تەرىپىدىكى ئائىلە كىتابخانىسىدا ئىخلاس بىلەن كىتاب ئوقۇۋاتقان، پاكىزە، رەتلىك كىيىنگەن، 70 ياشتىن ئاشقان سالاپەتلىك بىر مويسىپىت كىشى كۆچلۈك دىققىتىمنى تارتتى. ئۇ ئابدۇخەبەر مۇئەللىمنىڭ دادىسى، ياشانغاندا ياشىرىۋاتقان كىتاب خۇمارى، مەرىپەت شەيداسى ئابلەت ھاشىم ئاكا ئىدى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، قىزغىن سۆھبەتلىشىپ قىسقىغا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ كىتابقا بولغان چوڭقۇر ئىشتىياقى، كىشىلىك

ماددا بولغانلىقتىن، بۇ خىل ماددىلار ئاشقازان پەردىسىنى غىدىقلاپ، ئاشقازاندىكى كىسلاتالىق سۇيۇقلۇقنى كۆپلەپ ئاجرىتىپ چىقارغاچقا، مەيدىسى قايناش ۋە مەيدىسى ئېچىشىشتەك نورمالسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**11. سوغۇق ئىچىملىكلەر:** ئاچ قورساق سوغۇق ئىچىملىك ئىچكەندە، ئاشقازان، ئۈچەينى غىدىقلاپ، ئاشقازان، ئۈچەينىڭ تارتىشىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇزۇن مەزگىل ئىستېمال قىلغاندا ھەر خىل ئېنزىملارنىڭ شەكىللىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلىش بىلەن بىرگە خىمىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ، ئاشقازان، ئۈچەي كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بولۇپمۇ خانىم - قىزلار ھەيز كۆرۈش مەزگىلىدە، سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچسە ھەيز كۆرۈش ۋاقتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ. (02)

تۇرمۇشتىكى قىزىقىشىنىڭ كۆپلۈكى، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ دې-ڭىزغا ئوخشاش پايانسىزلىقى، ساغلام روھىي دۇنياسىنىڭ خۇددىي ياش يىـ-گىتتەك جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ بولۇشى ئىختىيارسىز ھالدا مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى، سۆھبىتىمىز ئۆزۈكسىز چوڭقۇرلاشتى. ئۇنىڭ ئىچچام مەزمۇنلۇق سۆزلىرىدىن تۆۋەندىكى تەپسىلاتلارغا ئىگە بولدۇم.

ئابلەت ھاشىم باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا كىتابقا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا خەجلەشكە بەر-گەن پۇللارغا كىتاب سېتىۋېلىپ، ئوقۇشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنىڭ ھەمـ-مىسىنى كىتاب ئوقۇشقا سەرپ قىلغان، ئوقۇغانسېرى كىتاب ئۇنىڭ سىرداش دوستىغا ئايلىنىپ، ئۇنى توغرا يولغا، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا يېتەكلىگەن، ئۇ ئوقۇغان كىتابلاردىن ئۆزىگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان جايلارنى خاتىرىلىگەن. ئۇ ئوقۇغان كىتابلارنىڭ تەسىرىدە ۋاقىتنى قەدىر-لەپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كۆپلەپ بىلىم ئىگەللەپ، ۋەتەن، خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن ياراملىق ئەۋلاد بولۇش ئىرادىسىگە كەلگەن، 1962 - يىلى 7 - ئايدا ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن خوتەن ۋىلايەتلىك يەر تەكشۈرۈش ئىدارىسىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشقان، ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان يەرلەرنى خەرىتىگە ئېلىش، ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ پاسىلىنى بېكىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ئىدارە رەھبەرلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئاشۇ چاغلاردىمۇ ئۇ كىتابنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئوقۇپ، ھەر مىنۇت ۋاقىتنى مەنىلىك ئۆتكۈزگەن. 1977 - يىلى 6 - ئايغا كەلگەندە ئابلەت ھاشىم خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن خوتەن ۋىلا-يەتلىك ئۆزۈن يوللۇق يولۇچىلارنى توشۇش باش بېكىتىگە يۆتكەلگەن. ئۇ بۇ يەردىمۇ يەنىلا بوش ۋاقىت تاپسىلا كىتاب ئوقۇشتىن ئىبارەت ياخشى ئا-دىتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان، باش بېكەت رەھبەرلىكى ئۇنىڭ جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھى، ھەر بىر سۆز ۋە ئىش ھەرىكىتىدىكى مەدەنىي، ساغلام

روھىي قىياپىتىگە ئاساسەن ئۇنى باش بېكەتنىڭ ئاپتوبۇسلارنى خىزمەتكە بەلگىلەش بۆلۈمىدە ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇ ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان خىزمەتلەرنى قىزغىن سۆيۈپ، خىزمەتلەرنى بىجانىدىل ئىشلەپ، رەھبەرلىكنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ۋە يولۇچىلارنىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن زور ئىشەنچى، ئۈمىدىنى ئاقلاش يولىدا ھارماي ـ تالماي ئۆزلۈكسىز تىرىشىپ ئىشلىگەن. ئۇ باش بېكەتنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا كۈندىلىك خىزمەتلەرنى پىلانلىق، قەدەم ـ باسقۇچلۇق قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ئۆزئارا زىچ ماسلاشتۇرۇپ، شوپۇرلارغا ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە بولغان ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتلەرنى داۋاملىق كۈچەيتكەن، بۇ ئارقىلىق بارلىق شوپۇرلارنى بىخەتەرلىك ۋە ئاممىۋى خىزمەت تۈرلىرى، تېخنىكىلىق تەلەپ بويىچە تەربىيەلەپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، باش بېكەتنىڭ خىزمەتلىرىنى جانلاندۇرغان ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش، تىرانسپورت نازارىتىنىڭ قارار، بەلگىلىمىلىرىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش يولىدا ئۈزلۈكسىز تىرىشقان، ئۇ يەنە ئويلاشقا، ئىشلەشكە، دادىل جۈرئەت قىلىپ، باش بېكەتنىڭ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىگە قاتنايدىغان بارلىق ئاپتوبۇسلىرىغا مۇقىم لىنىيە تاختىسى ئورنىتىپ يولۇچىلارغا ھەر تەرەپلىمە قۇلايلىق يارىتىش تۈزۈمىنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ تۈزۈم باش بېكەت رەھبەرلىكىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشىپ، تېزلا پۈتۈن باش بېكەت بويىچە يولغا قويۇلغان، بۇ تۈزۈم يولغا قويۇلغاندىن كېيىن بېكەتنىڭ خىزمەتلىرىدە بىر قېتىملىق زور يۈكسىلىش بولغان، كېيىنچە بۇ تۈزۈم ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش تىرانسپورت نازارىتى رەھبەرلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قاتناش ـ تىرانسپورت ساھەسى بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ھازىرغىچە ئۇدا قوللىنىپ كەلمەكتە.

ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى ۋەزىيەت ھەر ساھە، ھەرقايسى كەسىپتىكىلەرگە يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئابلەت ھاشىم ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەرەق-

قىيات تەلىۋىگە ئۇيغۇنلىشىپ، بېكەتنىڭ خىزمەت ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئاپتوبۇسلارنىڭ ئەسلىدىكى پەقەت خوتەن شەھىرىدىن يەتتە ناھىيەگە قاتناشتەك ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، يولۇچى توشۇش لىنىيەسىنى خوتەن شەھىرىدىن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى يېزا ـ بازارلىرىغىچە كېڭەيتىپ، ھەر مىللەت يولۇچىلىرىغا ئوڭايلىق يارىتىپ، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ يولۇچى توشۇش خىزمىتىدە يېڭى بىر بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، ھەر مىللەت يولۇچىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئابلەت ھاشىم خىزمەتلەرنى ئەنە شۇنداق تىرىشىپ ئىشلەش ئارقىلىق ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈپ، 1994ـ يىلى 10ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن تارتىپ كىتاب ئوقۇشقا ئىشتىياق باغلىغان ۋە كىتاب يىغىپ ساقلاشقا ئادەتلەنگەن، بۇ جەرياندا لوتپۇللا مۇتەللىپ، نىم شېھىت، تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، شۇنىڭدەك لۇشۈن، گومىرو، ماۋزېدۇڭ، ئەيچىڭ، گوركى، چايكوسكى، پوشكىن قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، مەنىۋى زوق ئالغان ھەمدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپلا شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» ۋە «خوتەن گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. ھاجى ئىمىن تۇرسۇن، جاپپار ئەھەد، مامۇت زايىت، رۇزى سايىت، رەجەپ يۇسۇن، نۇرمۇھەممەد توختى، شېرىپجان قاسىم قاتارلىق ئۇستاز، ئەدىبلەر ئۇنى داۋاملىق تىرىشىپ ئالغان ئىلگىرىلەشكە كۈچلۈك ئىلھاملاندۇرۇپ مەدەت بەرگەن...

ئابلەت ھاشىم دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن ھەر مىنۇت ۋاقتىنى قەدىرلەپ، ئىخلاس بىلەن بېرىلىپ كىتاب ئوقۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان، ئۇ ئائىلىسىدىن بىر ئۆينى مۇقىم ئاجرىتىپ كىتابخانا قىلغان، ئائىلە كىتابخانىسى ۋە يېزىقچىلىق شارائىتىنى ياخشىلاپ، تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشكەن، ئۇ ئۇدا 20 يىل ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، «ئۇلۇغ ئالىم يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ شانلىق ھاياتى ۋە ئىجا-

دىيتى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىنى يېزىپ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى ژورنىلى 2009 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىپ، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.

جاپالىق ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ شىرىن مېۋىسىدىن سۆيۈنگەن ئابلەت هاشىم 2000 ـ يىلىدىن تارتىپ ئۇدا 12 يىل ئەتراپلىق ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق خوتەندە ئۆتكەن ئاتاغلىق مەرىپەت پېشۋاسى «ئەللاج ئالاھىدىن مۇھەممەد خوتەنىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي ئەمگىكى ھەققىدە» ناملىق ئىلمىي ماقالىنى يېزىپ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى ژورنىلى تەھرىراتىغا تاپشۇرغان. 2012 ـ يىلى كۈزدە خوتەن شەھىرىدىكى مەرىپەتپەرۋەر دېھقان كارخانىچى تۇرسۇنتوختى ساۋۇر خوتەن شەھىرىدە «خوتەن ئىنساپ كۇتۇپخانىسى» نى قۇرغاندا ئابلەت ھاشىم بۇ كۇتۇپخانىغا ئۆزى ئۇزاقتىن بۇيان ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن كىتابلىرىدىن 250 پارچە كىتابنى تەقدىم قىلىپ، جامائەتنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ پۈتكۈل ھاياتىنى كىتاب ئوقۇش، بىلىم ئۆگىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن ياراملىق ئادەم بولۇپ، تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بېغىشلاپ، ئۆزىنىڭ مەنىۋى خەزىنىسىنى داۋاملىق بېيىتقان ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئون ـ سىن پىلاستىنكىسى، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى پىلاستىنكىسى قاتارلىق قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقلارنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كۆز قارچۇغىدەك ئاسراپ ساقلاپ كەلگەن، ياشانغاندا ياشىرىۋاتقان كىتابخۇمار، مەرىپەت شەيداسى ئابلەت ھاشىم نۆۋەتتە ئۆزىنىڭ جەمەت ۋە ئائىلە نەسەبنامىسىنى يېزىپ قالدۇرۇش ئۈچۈن ئىجتىھات بىلەن ئىشلىمەكتە، ئۇنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئائىلىسىگە خاتىرجەملىك، بارلىق ئىشلىرىغا بەرىكەت تىلەپ زىيارىتىمنى ئاخىرلاشتۇردۇم. (05)

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى

**64 ـ ماددا** شەھۋانىيلىق، زوراۋانلىق، قاتىللىق، تېررورلۇق، قىمارۋازلىق قاتارلىق مەزمۇندىكى كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال، ئۈن ـ سىن ھاسىلاتى، ئېلېكترون نەشر بۇيۇمى ۋە تور ئۇچۇرى قاتارلىقلارنى ئىشلىگەن ياكى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە ساتقان، ئىجارە بەرگەن ۋە باشقا ئۇسۇللار بىلەن تارقاتقانلارنى مەسئۇل تارماق تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، ئۇلارغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي جازا بېرىدۇ.

**65 ـ ماددا** قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ يېمەكلىكلىرى، دورىلىرى، ئويۇنچۇقلىرى، لازىمەتلىكلىرى ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرىنى ئىشلەش، سېتىشتا دۆلەت ئۆلچىمى ياكى ساھە ئۆلچىمىگە ئەمەل قىلمىغانلار ۋە ياكى دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى كۆزگە چېلىقىدىغان جايغا ئەسكەرتىپ قويمىغانلارنى مەسئۇل تارماق تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، ئۇلارغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي جازا بېرىدۇ.

**66 ـ ماددا** ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئەتراپىغا قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ پائالىيەت قىلىشىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان تىجارەتلىك تانسىخانا، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى، ئالاقە تورىغا چىقىش مۇلازىمەت ـ تىجارەت سورۇنى قاتارلىق سورۇنلارنى قۇرغانلارنى مەسئۇل تارماق تاقىتىۋېتىدۇ، ئۇلارغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي جازا بېرىدۇ.

قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ پائالىيەت قىلىشىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان تىجارەتلىك تانسىخانا، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى، ئالاقە تورىغا چىقىش مۇلازىمەت ـ تىجارەت سورۇنى قاتارلىق سورۇنلارغا قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى كىرگۈزگەنلەر ياكى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ كىرىشىنى چەكلەش بەلگىسىنى كۆزگە چېلىقىدىغان جايغا قويمىغانلارنى مەسئۇل تارماق تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، ئۇلارغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي جازا بېرىدۇ.(05)

# ئانا سەھرايىم

ياسىنجان ئوسمان ئەركىزات
(مەكىت ناھىيەلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتىن 844600)

نەغمىچى قۇشلارنىڭ جەننىتى گويا،
يايرىتار كۆڭۈلنى سېھىرلىك ناۋا.
سەندىلا بار پەقەت شۇنچە ساپ ھاۋا،
ئانامدەك مېھرىبان ئانا سەھرايىم.

چىمەنزار باغلىرىڭ تولغان چېچەككە،
خۇش ھېدىڭ كۈچ بېرەر ئوتلۇق يۈرەككە،
مېھرىڭدە ھەممىمىز يەتتۇق تىلەككە،
ئانامدەك غەمگۇزار ئانا سەھرايىم.

چارۋىغا لىق تولدى كەڭرى يايلىقىڭ،
بەھۇزۇر يايلايدۇ قوزا - تايلىقىڭ.
ئاستىڭدا شۇنچە كۆپ كانۇ - بايلىقىڭ،
ئانامدەك نۇر - زىيا ئانا سەھرايىم.

دان بەردى يەرلىرىڭ دېھقان ئەجرىگە،
مول ھوسۇل شادلىقى چىقتى ئەۋجىگە.
چۆمۈلدى بارچە ئەل ھايات پەيزىگە،
ئانامدەك كۆيۈمچان ئانا سەھرايىم.

يوللىرىڭ ئاسفالىت، قاتنىشىڭ راۋان،
قوينۇڭدا ئوغلانلار ئاشتى تاغ - داۋان.
ئۆزگەرتتى شەھەرگە سېنى ھۆر دەۋران،
ئانامدەك خۇشچىراي ئانا سەھرايىم.

كۆلىدۇ زەر قۇياش خەلقىڭ چېھرىدە،
پاك مېھرىڭ ئوخشايدۇ ئانام مېھرىگە،
ئىگە سەن ئالەمچە چەكسىز سۆيگۈگە،
ئانامدەك ئاقكۆڭۈل ئانا سەھرايىم.

پارلايدۇ توك چىراغ تۈندە چولپاندەك،
سۇلىرىڭ توختاۋسىز ئاقار فونتاندەك،
مېھرىڭ كەڭ گويا دېڭىز - ئوكياندەك،
ئانامدەك پاسىبان ئانا سەھرايىم. (02)

# كۆلۈپ گۈلدەك ياشا، مۇخبىر

ئىدرىس مەتسىيت قەدىناس
(گۇما ناھىيە زاڭگۇي يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ پىشقەدەم ئوقۇتقۇچىسى)

باھار-يازنىڭ ھاۋاسىدەك خۇلقىڭ ياقاچ ماڭا، مۇخبىر،
تولۇپ تاشقان مۇھەببەت غەزەل يازدىم ساڭا، مۇخبىر.

ۋۇجۇدۇڭدا لاۋۇلداپ ئوت، كۆزۈڭدىن نۇر ياغار قىش-ياز،
قۇياشلىق تاڭ ساڭا بەرگەچ گويا سۈتتەك ھاۋا، مۇخبىر.

دېمەي ئاھىم، يېمەي ۋايىم، كېزىپ سەھرا-شەھەرلەرنى،
ۋەتەن كۈتكەن ئۈمىدلەرنى، قىلىپ كەلدىڭ ئادا، مۇخبىر.

قىلىپ تەشۋىق خەلقلەرگە، ئۇلۇغ مەركەز جاكاسىنى،
ياراتقان ئىش-ئىزىڭ تىلدا داۋام بولغاچ ناۋا، مۇخبىر.

بولۇپ مەسئۇل ۋەزىپىگە، ۋەتەن-ئەلگە ساداقەتمەن،
بىنا قىلدىڭ چىمەنزارنى چېكىپ جەبرى-جاپا مۇخبىر.

بولۇپ كەۋسەر دەشتلەرگە، چىمەنلەرگە باھار-ئاپتاپ،
تۇتۇپ چىقتىڭ ئەجىر-تەردە سۈپەتلىك زەر-تاۋا، مۇخبىر.

سېنىڭ بىرلە گۈزەللىكلەر، ئەجەپ رۇخسار جامائەتكە،
يامان ئىللەت، رەزىل قىلمىش، يېدى قامچا راسا، مۇخبىر.

يېمەي قىش-ياز ئۆزۈڭدىن غەم، يېگەچ ئەلنىڭ غېمىنى كۆپ،
ساڭا بەردى ئۇلۇغ خەلقىڭ «تۆھپىكار» دەپ باھا، مۇخبىر.

ئىناق-دوستلۇق شۇئارىڭدۇر، ئەدەپ-ئەخلاق تۇمارىڭدۇر،
بەخش ئەتتى خۇشاللىقنى، ساڭا ئەخلاق-ھايا، مۇخبىر.

باھارىڭ ئۆز سۆزۈڭ تاغدەك، يولۇڭ داغدام، زامانىڭ ھۆر،
ئانا يۇرتۇڭ قۇچاقىدا، كۆلۈپ گۈلدەك ياشا، مۇخبىر.

قانائەتتىن بولۇپ خالى، تىرىش-تىرماش يېڭى جەڭدە،
بېرەر ھۆرمەت-ئىناۋەتنى، ئەجىر-مېھرىڭ يانا، مۇخبىر. (05)

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 2015-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى قارشى ئالىمىز !



ئابلەت ھاشىم ئاكا بىر قىسىم سۆھبەتداشلىرى بىلەن بىللە          ئوبۇلقاسىم مەتنىياز فوتوسى

# 农村科技

(月刊)

# يېزا پەن — تېخنىكىسى

(ئايلىق ژۇرنال)

---


باشقۇرۇپ چىقارغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «يېزا پەن -تېخنىكىسى» ژۇرنىلى رېداكسىيەسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن          تېلېفون ۋە فاكس نومۇرى: 4505075 — 0991

مۇھەررىرلەر: ئابلەت ھەبىبۇللا          ئەنۋەر مۇھەممەت

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 - قورۇ          پوچتا نومۇرى: 830091

باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى          باھاسى: 2.00 يۈەن

تارقاتقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: جايلاردىكى پوچتىخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، پەن-تېخنىكا ئىدارىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1004-1095

مەملىكەتلىك بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65-1046/S-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 123 - 58          ئېلان كىنىشكا نومۇرى: 0016


---